ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە
سېلىشتۇرما ئوقۇشلۇق

# خەزىنە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

维汉对照读物

# 金库



新疆人民出版社

ISBN 978-7-228-05176-2

9 787228 051762 >

定价：13.50 元

ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرما ئوقۇشلۇق

维汉对照读物

# خەزىنە

# 金 库

ئەسلى ئاپتورى: زوردۇن سابىر

تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغۇچى: جاڭ يۈپىڭ    جاڭ لياڭ

祖尔东·沙比尔 原著

张玉萍　张亮 译注

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

金库：维汉对照/祖尔东·沙比尔著；张玉萍，张亮译注.
—乌鲁木齐：新疆人民出版社，1999.12（2009.5 重印）
ISBN 978－7－228－05176－2

Ⅰ.金… Ⅱ.①祖…②张…③张… Ⅲ.短篇小说—作品集—中国
—当代—汉语、维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第 17474 号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 编　　辑 | 古丽娜·巴拉提 |
| 责任校对 | 热娜古丽·阿布里米提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆翼百丰印务有限公司 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 6.75 |
| 版　　次 | 2000 年 6 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 4 月第 3 次印刷 |
| 印　　数 | 7001—10000 册 |
| 定　　价 | 13.50 元 |

# خەزىنە

ئاپتورى : زوردۇن سابىر
تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغۇچىلار : جالڭ يۈيىڭ ، جالڭ لياڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇنارجان توختاخۇن
مۇھەررىرى : گۈلنار بارات
مەسئۇل كوررېكتورى : رەناگۈل ئابلىمىت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون : 2827472—0991
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : شىنجاڭ يېڭىيېڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى : 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 6.75
نەشرى : 2000 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2009 ـ يىلى 4 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 10000—7001
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—05176—2
باھاسى : 13.50 يۈەن

# 目 录　　مۇندەرىجە


| | | | |
|---|---|---|---|
| 刀浪青年 | 3 | 2 | دولان ياشلىرى |
| 歌手 | 81 | 80 | ناخشىچى |
| 忠诚 | 127 | 126 | ساداقەت |
| 金库 | 163 | 162 | خەزىنە |

# 1. ئومۇمىي بايان

## تاماكا ھەققىدە

تاماكا چېكىش ئىنتايىن ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي ھادىسە، ئەمما ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە ئىستېمال قىلىنىشى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغاۋاتقان چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلە. بۇنىڭ سەۋەبى، كىشىلەر تاماكا چېكىشنىڭ سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى ۋە بۇ ھەقتە ئورتاق تونۇشقا كەلدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا تەتقىقاتچىلار ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشىنىڭ تاماكا چېكىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، تاماكا چېكىشنىڭ ئۆمۈرنى قىسقارتىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەندى، ئەمما بۇ تەتقىقات نەتىجىسى كىشىلەرنىڭ يېتەرلىك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىمىغانىدى.

تەتقىقاتچىلار تاماكا چېكىشنىڭ ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان سېلىش دەرىجىسىنىڭ كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مېدىتسىنا، گېگىېنا ئالىملىرى ۋە سىياسىيونلار تاماكىنى «20 - ئەسىردىكى تارقىلىشچان كېسەللىك»، يەر شارىدىكى «ئەڭ زور ئاممىۋى سەھىيە مەسىلىسى» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن بۇيان نۇرغۇن دۆلەتلەر ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تاماكا چېكىشنى تىزگىنلەش دولقۇنى قوزغىدى، تاماكا چېكىشنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان «بەڭگى»لەر تاماكا تاشلىدى. ئەمما، تاماكا چېكىش بىلەن كېسەللىككە گىرىپتار

# دولان[1] ياشلىرى

## 1

جۇۋان ئايلام، چوكان ئايلام،
سېنىڭ مەلەڭگە بارمايمەن.
سېنىڭ مەلەڭگە ماڭغاندا،
شاپاشلاپ زادى ھارمايمەن.

پالتاخۇن ھەر ۋاخ تاماقتىن كېيىن مۇشۇ قوشاقنى ئېيتاتتى. سىم باياۋان، بوم باياۋان، خۇدەك باياۋان[2] مۇقاملىرىنى ئېيتقاندا، ئاق باش، قارا كۆز، ئۇزۇن چاچ ئاسىخان موماي قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ، زوقى بىلەن تىڭشايتتى، بەزىدە ئەگىشىپ غىڭشىپمۇ قوياتتى. جۇلا مۇقامىغا سېلىپ ئېيتقاندا بولسا، ئاسىخاننىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كېتەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز قىزلىق مەزگىلى بىلەن خوشلاشقان كۈننى ئەسلەيتتى:

سېكىلەك قويغان چېچىنى ئون ئالتە ئۆرىگەن، ئون ئالتە ياشلاردىكى گۈزەل قىزچاقنى ئات كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ، ئېغىز دۇرۇق جاۋغىيىدىن ئىككى يىگىت تۇتۇۋېلىپ، ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى. ئاسىگۈل چۈمپەردە ئىچىدە تۇرۇپ كەينىدىكى ھارۋىدا ئولتۇرۇشقان يىگىتلەرنىڭ قالۇن[3]، غېجەك[4]، دولان راۋابى ۋە داپلارنى چېلىپ ئېيتقان جۇلا مۇقامىنى ئاڭلاپ ماڭدى. ئۇ كۈنى گويا پۈتۈن دولانلىقلار بىرلىشىپ جۇلا مۇقامىغا توۋلاپ، ئاسىخاننى كۆچۈرۈپ ماڭغاندەك بىلىنگەنىدى، يىگىتلەر قىزنى ئاشۇنداق

# 刀浪青年

姑娘啊，姑娘，
我不想去你的家乡；
我若想到你的身旁，
路遥辛劳也无妨。

帕里塔洪每回饭后总要唱这首歌。每逢他唱到《丝姆巴雅婉》、《帛姆巴雅婉》、《胡黛克巴雅婉》等木卡姆乐曲时，花白头、黑眼睛、长头发的阿斯汗大婶总是停下手中的活儿，倾听这迷人的歌声，有时还跟着哼上几句。尤其是唱到《居拉木卡姆》时，阿斯汗就耳热心跳，禁不住回想起那已告别了的姑娘时代的往事。

一个梳着16条小辫、年约16岁、美丽漂亮的小姑娘骑在马背上，两个小伙子手抓缰绳、牵马走着。阿斯古丽戴着面纱，听着后面马车上的小伙子们弹着卡伦、艾介克、刀浪热瓦甫，打着手鼓，唱着《居拉木卡姆》。那天，好象所有的刀浪人都在唱《居拉木卡姆》，为阿斯古丽送行。小伙子们就在这样热闹喧嚣的气氛

① دولان 刀浪，新疆喀什地区麦盖提县境内的一个地名。

② سىم باياۋان 丝姆巴雅婉，بوم باياۋان 帛姆巴雅婉，خودەك باياۋان 胡黛克巴雅婉，以上均为维吾尔古典音乐木卡姆的曲牌。

③ قالۇن 卡伦，一种维吾尔古典乐器。

④ غىجەك 艾介克，维吾尔民间乐器，类似胡琴。

قىلىشىپ ھۆجرىسىغا ئۇزىتىپ كېلىشتى. ئۆيگە كەلگەندە، ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، تۆت بۇرجىكىنى تۆت قاۋۇل يىگىت تۇتۇپ تۇرغان كىگىزگە تاشلىدى. يىگىتلەر كىگىزنى يۇقىرى - تۆۋەن سىلكىشتى. ئاسىگۇل شۇ كىگىز ئۈستىدە پالتاخۇن بىلەن تۇنجى قېتىم ئىرماش - چىرماش بولغانىدى .... توي بولۇپ ئالتە ئاي بولغاندا، يەنە مەرىكە① بولدى. قىزنى قولىدىن يېتىلەپ، ئاتا - ئانىلىرى ھەمدا ۋە كۆپچىلىك توپلانغان سورۇنغا ئېلىپ چىقتى. ئاتا - ئانىلىرى بۇغداي، قوناق، كېۋەز، پاختا ئېلىپ چىقىپ قىزنىڭ بېشىدىن ئۆرىدى② - دە، ئۇلارنى سازچىنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ چاغدا مۇڭلۇق جۇلا مۇقامى ئېيتىلدى. قىز ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىندى. قىز سورۇنغا چۈشكەندە، يىگىتبېشى ئۇنىڭ يۈز ياغلىقىنى ئېلىۋەتتى. مەيداندىكىلەر: «ۋاي!» دەپ قېلىشتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ يۈزى يېپىلماي كېلىۋاتىدۇ، ئانىسى ئۆرۈپ قويغان ئون ئالتە ئۆرۈم چېچى ئىككى ئۆرۈم بولۇپ ئۆرۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئاسىخان قىزلىق ھاياتىدىن مۇشۇ جۇلا مۇقامى تەنتەنىسى بىلەن ئەنە شۇنداق خوشلاشقان. ئۇلار قىرىق بەش يىلدىن بېرى تالاي مەشرەپلەرنى③، تالاي تويلارنى كۆرۈشتى، لېكىن ئۇسسۇل بىلەن ناخشىغا بولغان تەشنالىقى زادىلا قانمىدى.

بوۋاي ھەر ۋاخ تاماقتىن كېيىن غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاندا، مومايىنىڭ جېنى يايراپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

بۈگۈن پالتاخۇن قازاندا قايناۋاتقان كۆجىگە يالت قىلىپ قاراپ قويدى - دە، جۇلا مۇقامىنى باشلىۋەتتى. مەززىلىك توخۇ گۆشى، كۆكۈۋاش قوناق سۈتى بىلەن ئېتىلگەن كۆجە بوۋاينىڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ جۇلا مۇقامىنى كۈندىكىدىن ئۈنلۈكرەك ۋە ھېسسىياتلىق قىلىپ ئېيتتى. موماي كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ بوۋىيغا قارىدى - دە، سۇپىغا تاۋار كۆرپە سالدى.

中把姑娘一直送进洞房。来到新郎家门口时，把她从马背上扶下来，搀到一块大毡子上，四个健壮的小伙子，每人抓住毡子的一角，用力把姑娘抛向空中，抛起、落下，落下、抛起，阿斯古丽就这样在毡子上同帕里塔洪结为夫妻……。婚后六个月，又举办了麦力凯晚会。人们簇拥着他们、在父母的陪同下来到村民们聚集的场地。父母亲拿来小麦、玉米、棉花，在姑娘头上转了一圈，然后把这些东西放在乐师们面前。这时想起了悦耳的《居拉木卡姆》，可以邀姑娘跳舞了，当姑娘步入舞场时，司仪上前揭开了她的面纱。全场立刻爆发出一片“哇矣、哇吔”的叫喊声。从那时起，她就可以不戴面纱了，母亲给她梳的16条辫子，也就改梳成两条了。阿斯古丽的姑娘时代，在《居拉木卡姆》的喜庆声中就这样结束了。他们45年来不知参加了多少次麦西莱甫，也不知参加过多少次婚礼。但跳舞和唱歌的兴致却从未满足过。

老大爷每顿饭后一哼起歌儿，大娘的心情就十分激动，其原因就在这儿。

今天，帕里塔洪瞥了一眼锅里煮的苦儿饭，又唱起了《居拉木卡姆》。香喷喷的鸡肉、青苞米和鲜牛奶做成的苦儿，是老大爷最喜欢吃的饭。所以，今天他唱起《居拉木卡姆》来，比平时声音更响亮，更富有感情。老大娘两眼深情地望着老大爷，麻利地把绸褥子铺在炕上。

① مەرىكە 麦力凯晚会，为庆贺比较盛大的节日或婚礼举办的晚会。

② قىزنىڭ بېشىدىن ئۆرۈدى 维吾尔族的一种习俗，本文是祈祷新娘平安，幸福。

③ مەشرەپ 麦西莱甫，维吾尔族民间群众性文娱活动。

ئەجرە بىلەن ئەتكەن تامىقىنى بىر ئۆيلۈك جەم بولۇپ ئىشتىها بىلەن يەيدىغانلىقىغا مومايىنىڭ كۆزى يەتتى. شۇڭا، ئۇ خۇشال ئىدى. ئۆيگە كىرىپ، كىتاب ئوقۇۋاتقان ئوغلىنىڭ جەينىكىگە نوقۇدى ـ دە:

— تۇرغىن، بالام، ئاش پىشتى، — دەپ پىچىرلىدى.

ئوغلى قوپال ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— كەچكىچە مۇقام، كەچكىچە ناخشا ! — ئۇ ئانىسىغا ئالايدى، — قۇلاق ـ مېڭەمنى يەپ كەتتى① ـ يا !

— كىتاب ئوقۇشۇڭغا دەخلى بولدىمۇ يا، بالام، — دېدى ئانىسى يېلىنىش بىلەن ئوغلىغا تەلمۈرۈپ، — ماقۇل، ئېيتمىسۇن، قىرىق بەش يىل ئېيتىپتۇ. كۆڭلىمىزنىمۇ ئېچىپ بولغان بىز، سەنلا خۇشال بولساڭ، دېگىنىڭ بولسۇن②، داداڭ ناخشا ئېيتمىسۇن !

— ئېيتمايمىشمەن تېخى ! — دېدى بوۋاي ئاچچىق بىلەن ئۆيدە ئايلىنىپ، — ناخشا ئېيتمىغانغا خۇشال بولسا، مەن ئۆلگەندە خۇشال بولۇۋالسۇن، بۇنىڭ بەدىنىدە دولانلىقنىڭ قېنى يوق !

— نېمە؟ — دېدى ئوغلى چېچىلىپ، — دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەتنى بىلمەيسەن. دولانلىقنىڭ كونا مۇقامىنى يېڭى دەۋرگە تاڭماقچى بولىسەن، بۇ گۇزەل باغقا كاۋا تېرىغاندەكلا بىر ئىش !

— شۇنىڭغا خاپا بولدۇڭمۇ تېخى، بالام ! — دېدى ئانىسى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئوغلىنى سىيپاپ، — بولدى، دېگىنىڭ بولسۇن، داداڭمۇ ئېيتمىسۇن، مەنمۇ خۇشال بولمايلا قوياي، قاپىقىڭنى ئېچىپ يۈرگىنە، ئوغلۇم③ !

ئانىنىڭ ئۆز خۇشاللىقىنى، راھىتىنى ئوغلىغا ئاتا قىلىشى④،

精心做出的饭，全家人聚在一起吃该有多好，所以，大娘心里特别高兴。她跑进屋里，捅了一下正在看书的儿子的胳膊肘子，说"起来，孩子，饭已经熟了。"

儿子粗暴地嚷道："整天就是木卡姆，整天不停地唱！吵得我头昏脑胀。"

"影响你学习了吗？孩子！"母亲带着央求的口吻望着儿子说，"好，那就不唱啦，唱了四十五年，也够开心的啦！只要你心里高兴，不让你爸唱就是了。"

"还不让我唱！"老大爷气得在屋里转圈。"如果说不唱歌是乐趣的话，那就等我死后再有这种乐趣吧！这小子的身上简直没有刀浪人的血！"

"什么？"儿子生气地说："你不懂世界先进文化，想把刀浪人的旧《木卡姆》强加给新时代，这就象在美丽的花园里种南瓜一样。"

"你就为这个生气吗？孩子！"母亲用微颤的双手抚摸着儿子，说，"行了，就按你说的，你爸也别再唱了，我也别再高兴啦，你也别生气了，孩子！"

大娘把自己全部的心血和乐趣都倾注在儿子身上，甚至为

① قۇلاق - مېڭەمنى يەپ كەتتىڭ 吵得我头昏脑胀。

② ساڭ ... سۇن ... 条件复句句型，相当于汉语的"只要……就……"。

③ قاپىقىڭنى ئېچىپ يۈرگىنە 直译为"你把眉头舒展开！"按上下文可译作"你别再生气啦！"

④ ئاتا قىلىش 倾注，给予，赐予。

ھەتتا ئوغلىنىڭ بىر مىنۇتلۇق ئارامى ئۈچۈن ئۆزىنى ئىغىر
ئازابلارغىمۇ تۇتۇپ بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكى ياش يىگىتنىڭ
كۆڭلىنى يۇمشاتقان ۋە ئۇنى مەجبۇرەن بولسىمۇ كۆلۈمسىرەت-
كەنمۇ بولار ئىدىيۇ، بىراق بوۋاي ئۆزىنى بېسىۋالالمىدى[1]:

— شۇنداقلىقىڭدىن ساقلىنىڭ بىر باغ بىدىدەك بولغۇچە
لايىق تاپالماي يۈرۈيسەن! بىلەمسەن، مېنىڭ بايلىقىممۇ، خۇشال-
لىقىممۇ ناخشا بىلەن ئۇسسۇل. ناخشىسىز، ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن
كۈنۈم سىرتماقتا[2] تۇرغاندەك ئازابلىق! سەن تېخى پۈتۈن دولان-
لىقنى زېرىكتۈرگىنىڭنى ئاز دەپ، مېنىمۇ گۆرگە ئىتتىرمەك-
چىمۇ؟ مېنىڭ پۈشتۈمدىن تامغان بولساڭ كاۋا - پاۋا[3] دەيدىغان
گەپلەرنى دولان دەرياسىغا ئېقىتىۋەت! دولانلىقتەك ئادەم بول!

— ئازار بەرمىسىلە[4]! مېنى ئايىسىلا! — موماي كۆزلىرى-
گە ياش ئېلىپ بوۋايغا يالۋۇردى، مۇنداقمۇ بالا ئەمەستى، بىلى-
كىگە قىزىل تاقاپ، ئۇنىمۇ - بۇنىمۇ كونا دېگۈزۈپ، ئۇسسۇل
بىلەن ناخشىغا ئۆچ[5] قىلىپ قويدى بالىنى. مىجەزىمۇ
بۇزۇلدى ...

بوۋاي ساقىلىنى تۇتاملاپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.
چۈنكى ئۇ قىرىق بەش يىللىق ھەمراھىنى قانداق كۆيۈپ - پې-
شىپ ئالغان بولسا، ھېلىمۇ شۇنداق ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ دې-
گىنىنى قىلماسلىققا بوۋاي بىقۇۋۋەت ئىدى، ئۇ ھويلىغا چىقتى.
موماي ئۇنى كۆرپىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇلارنىڭ كۆزى ھامان ئوغ-
لىدا ئىدى، ئوغلى ئورنىدىن تۇردى - دە، ۋېلىسىپىتىنى دوڭ-
غاسلىتىپ تالاغا ماڭدى. موماي ئۇنى توسىدى:

— ئوغلۇم... سېنى[6] دەپ توخۇ يۇڭگۇزلاپ، كۆكۈۋاش ئې-
زىپ... — لېكىن ئوغلى ھويلىدىن چىقىپ كەتكەنىدى.

— بالىنىڭ مىجەزى يوق[7]، ئۈچ - تۆت كۈن بولدى، غىزا-
سىمۇ كېمىيىۋاتىدۇ، — دېدى ئانا كۆز يېشىنى يەڭلىرى بىلەن
ئېرتىپ تۇرۇپ، — بىكارلا ئازار بەردىلە!

了儿子一分钟的欢心，不惜承受痛苦，也许能使儿子心软而强装笑脸的，但老大爷忍不住了。

“象你这样，胡子都长成一把苜蓿了也找不到老婆！你懂吗？我的财富，我的欢乐，就是唱歌和跳舞，没有歌和舞的日子，就象脖子里套上绞索一样难受！你把刀浪人都弄厌烦了还不够，还要把我往坟墓里推吗？如果你是我的儿子，就把你那些南瓜之类的话让刀浪河水冲走！好好地做一个刀浪人吧！”

“别难为他了！也别折磨我了！”大娘眼泪汪汪地央求着，“孩子以前不是这样的。打从戴上红袖章，就说这也旧，那也旧的，还特别讨厌唱歌和跳舞，他的脾气也坏透了……”。

老大爷捋着胡子不知该怎么办，因为四十五年来他和老伴倾心相爱，感情甚笃。看她这副模样，心也就软下来了。他走到院子里，老大娘让他坐在褥子上，他们的目光却注视着儿子。儿子站起来，推上自行车出去了。老大娘急忙上前拦住说：

“孩子……专门为你宰的鸡、瓣的青玉米……”但儿子还是走出了院门。

“孩子不舒服已经三四天了，吃不下东西。”大娘用袖子抹去眼泪，“你又难为他了！”

① ئۆزىنى بېسىۋالالماسلىق 不能克制自己，忍不住。
② سىرتماق 绞索。
③ كاۋا - پاۋا 南瓜之类。
④ ئازار بەرمەسلىك 别难为，别申诉，别说。
⑤ ئۆچ 讨厌，厌恶。
⑥ سېنى دەپ 为了你。
⑦ مىجەزى يوق 没精神，不舒服。

— نېمە مىجەزى بولمايتتى، بىرەر قىزغا كۆيۈپ قالغان گەپ[1]! بۇ يىل يىگىرمە يەتتە ياشقا كىردى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ-لەرنىڭ بالىسى ئېگەككە تاقاشقۇدەك بولدى. ۋاي شور پېشانەم! مەھەللىنىڭ نى - نى[2] قىزلىرى ئۇنىڭغا كۆز تاشلىدى، قۇدۇق-تىن سۇ ئېلىپ يانغاندا بىزنىڭ ئىشىككە كېلىپ ھېرىپ قالىد-دىغانلار[3] ئاز بولدىمۇ؟ ئالتۇندەك قىزلار چېلەكلىرىنى قويۇپ، بىزنىڭ ئىشىككە تەلمۈرۈپ قاراشتى. لېكىن، سېنىڭ بۇ كەنجەڭ ئۇسسۇل ئوينايدىكىنەي، ناخشا ئېيتىدىكىنەي، دەپ، بۇلارغا سى-ڭايان قاراۋەردى. مانا ئەمدى تۆت بالىسى بار جۇۋانلار چېغىدا ئۇ-نىڭغا كۆز قىرىنى سالمايدۇ! ئۇ ئاغرىماي، كىم ئاغرىسۇن، ئۇ-نىڭ ئورنىدا مەن بولسام ئۆلۈپ قالاتتىم!

— قويسىلا، — دېدى موماي روھى چۈشۈپ يەرگە قاراپ.

— ئەجەب پېشانىمىز كاجكەنغۇ تاڭ!...

ساندۇقتىكى سارجىلارغا نەچچە قېتىم كۈيە چۈشتى. ھازىر بولسا مەخسۇس قېپىن ساندۇق ياسىتىپ، قىممەتلىك تويلۇقلارنى ساقلاۋاتىدۇ. موماي ياقۇت كۆزلۈك ھالقا، ئۈزۈكلەرنى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئېرتىپ پارقىرىتىپ قويىدۇ. كۆرسەتمىگەن قولۇم - قوشنىسىمۇ قالمىدى. قول سائىتىنى ھەر كۈنى بىر قېتىم ماڭ-غۇزۇپ تىڭشاپ كۆرىدۇ، قوتاندىكى بېقىلغان قويلارنى نەچچە قې-تىم ئىلاجسىز سويۇۋەتتى. باغ تەرەپكە ياندىشى[4] قىلىپ ياسىغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆينىڭ باسما زەدۋاللىرىنىمۇ نەچچە تارتىپ، نەچچە ئالدى. ئانار گۈللۈك بىر جۈپ گىلەمنىمۇ موماي نەچچە قېتىم يايدى، قاقتى ...

— ئىككى ئېغىز ئۆينى بۇزۇۋېتىمەن، — دېدى بوۋاي كۆ-جىنى كۆڭۈلسىز سۇمۇرۇپ قويۇپ، — ئۈچ قېتىم ۋادەك (قۇرما تام)نى يېڭىلاپ توقۇدۇق، ئون يىل بولدى. پالتاخۇننىڭ ئوغۇل توينىڭ داۋرىقى[5] چىققىلى! قانچىلىغان قېرىلار توي ئېشىغا

“什么不舒服，他是害相思病！今年27岁了，和他一样大的人，孩子都老大了，而他呢？村里最好的姑娘对他都是挺中意的，从井口打水回来在咱家门口歇脚的人还少吗？多少金子般的姑娘把水桶放在咱家门口磨蹭着不走。但你的宝贝儿子嫌人家唱歌跳舞，从不理睬。这倒好，就连有四个孩子的母亲，也不愿再望他一眼。他不心烦，谁心烦？我要是他，早就寻短见啦！”

“别说啦！”老大娘无精打采地垂下了头，“为啥咱就这么倒运！……”

箱子里的毛料都生了几次虫了。现在还专门买了桦木箱子保存这些珍贵的结婚用品。大娘每天都把镶宝石的耳环、戒指擦得锃亮发光，并把它拿给所有的邻居看，每天都把手表上好，让它嗒嗒地走个不停。圈里的羊也宰了几只。紧靠果园盖的两间房子里，印花墙裙挂了几次又取掉了几次，一对石榴花地毯，老大娘铺了几次，也卷了几次……

“我要把两间房子拆掉，”老大爷扒拉了几口苦儿饭，说：“篱笆墙换了三次，十年啦，都知道帕里塔洪的儿子要成家了！

① بىر قىزغا كۆيۈپ قالغان گەپ 他是害相思病或他爱上了某一个姑娘。
② نى - نى 最好的，最强的。
③ ھېرىپ قالىدىغانلار 歇脚的人，感到累的人。
④ يانداش 紧靠的，毗连的，邻近的。
⑤ داۋراڭ 声势。

ئىغىز تېگەلمەي ئۆلۈپ كەتتى، ئەمدى يېڭى تويلارنى سانىغاندا ھېچكىم بىزنى ئىغىزغا ئالمايدىغان بولدى، خوتۇن، مەن چىدى-مىدىم. جامائەتكە نەزىر[1] قىلىۋېتىمەن. مەرىكىسىز ئۆيدىن گۆندىخانا ياخشى. سېنى ئاياپلا ھازىرغىچە كەلدىم، خوتۇن. بۇ ئازابنىڭ چېكى ھېچ كۆرۈنمەيدۇ ـ يا ! ...

ئۇ خۇرسىنىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى.

— ئاسىدەمگە ئەلچى كىرگۈزۈپ باقساقمىكىن، ئەجەب ئۇز، بەلەن بالا بوپتۇ ! — دېدى ئاسىخان بوۋايغا يالۋۇرغاندەك تەلمۈرۈپ.

— ئاسىدەمگە ئەلچى كەتمەيدۇ، — دېدى بوۋاي قوشنا تامنى شەرەت قىلىپ، — ئۇچ ئاچا ـ سىڭىلمۇ بىر - بىرىدىن ئۇز، بەلەن بالا بولغاندى، قوشناڭ قايسى قىزىنى ئاياپ قويغان. ئۆز-لىرى ئىغىزلانغانىدى ـ يا ! گەپ كەنجەڭدە. بىرىنى كەچ كىر-گۆچە ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئوغلاق دېدى، بىرىنى ئاغزى بېسىل-ماي ناخشا ئېيتىدىغان ۋىتىلداق سېغىزخان دېدى، يەنە بىرىنى راۋاب چالىدىغان ئەركەك ـ زەدەك[2] دېدى.

— ئاسىدەم تېخىمۇ شوخ، — دېدى ئانا قىزنىڭ ئىسمىنى زوق بىلەن تىلغا ئېلىپ، — بۇ يىللا ئۆگزىدىن - ئۆگزىگە سەكرەيدىغىنىنى قويۇپتۇ. بايا قارىسام، قۇدۇقتىن ئىككى چېلەك سۇنى ئېلىپ كېتىپ بارىدۇ، ئاغزىدا ناخشا، دولىسى بىلەن پۇت-لىرى ئۇسسۇلغا كېتىۋاتىدۇ. ئۆزۈمچىلا كۇلۇپ تاشلاپتىمەن !... سىلىچە[3]، بىزنىڭ كەنجىۋاي كىمگە كۆيگەندۇ ـ ھە؟

— قەمەرشاھدەك چۇشىدە شەمشى جانانغا كۆيۈپ قالغاندۇ. ئۇچ يۇز ئاتمىش يىللىق يولغا بېرىپ، دىۋىلەر شەھىرىدىن شەم-شى جانانى ئەكەلگۆچە سېنىڭ بىلەن مېنىڭ تېنىمىز توپا بو-لۇپ، توپىسىدىن كېسەك قۇيۇپ ياسىغان ئۆيلەرمۇ ئۆرۈلۈپ بولىدۇ، خوتۇن !...

好多老人却连喜酒也没吃上就去世了。现在说走亲家要办喜事谁也不会提到我们,老婆子。我再也不能忍耐了。我要向大家散乃孜,没有喜庆气氛的家还不如监狱。我也就是舍不得你,老婆子。这种痛苦还有完吗?……”老大爷无奈地叹着粗气。

“咱们托个媒人去找阿瑟黛,这姑娘真漂亮,是个好孩子!”阿斯汗向老头子央求着说。

“娶阿瑟黛不用托媒人。”老大爷指着邻家院墙说:“姊妹三人,一个比一个漂亮,你的邻居对哪一个姑娘吝啬过!他们还亲自开过口哪。可你那宝贝儿子,说人家一个是整天跳舞的山羊羔,一个是嘴巴不停地唱歌喳喳叫的喜鹊,另一个是弹热瓦甫的阴阳人。”.

“阿瑟黛更顽皮”。大娘喜孜孜地叫着姑娘的名字说,”今年起,她也不在满房顶上跑啦!刚才我还看见她提着两个桶到井边去打水,嘴里哼着歌,肩膀扭着,双脚踩着舞步,逗得我直笑,……你说说,咱们那儿子到底看上了谁?”

“就象凯曼尔国王,在梦中爱上夏米西美人一样。走了360年的路,从魔鬼城把夏米西美人接回来,到那时,咱俩的老骨头早已变成土了,就是用它打土块盖房子,也早就塌了!老婆子!……”

① نەزىر 乃孜,伊斯兰教丧事后请人吃饭的习俗。
② ئەركەك ـ زەدەك 具有男人性格的,具有男人脾性的,阴阳人。
③ سىلچە 你说,你的意思。

— تۇزۇك گەپ ① قىلىسلى - يا ! — دېدى موماي خاپا بولۇپ.

ئۇلارنىڭ گېپىدىن مەززىلىك كۆجمۇ ئۆتمىدى...

## 2

كەنجى ئۆيدىن چىقتى - يۇ، نەگە بېرىشىنى بىلمىدى. ۋېلىسىپىتىنى بولۇشىغا تېپىپ، كومموۇنا مەدەنىيەت ئۆيىگە كەلدى. ئۇ مەدەنىيەت ئۆيىدە رەسىم سىزىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى، ئىچ پۇشۇقىدىن قۇتۇلماقچى، ئەڭ مۇھىمى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆرتەۋاتقان بىر يوشۇرۇن ئوتنىڭ② ئازابىدىن ئازراق بولسىمۇ پاناھ تاپماقچى بولدى... ئۇ رەسىم جازىسى ئالدىغا كەلدى، قولىغا پەلكۈچنى ئېلىپ رەسىمگە قارىدى. خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىۋاتقان كومموۇنا ئەزالىرى — ئۆزى سىزىۋاتقان سۈرەتتىكى ئادەملەر ئۇنىڭغا قاراپ مازاق قىلىپ③ كۈلۈۋاتقاندەك، بولۇپمۇ، ئاۋۇ ئۇششاق ئۆرۈم چاچلىرى ئۈستىگە گۈللۈك دوپپا كىيىۋالغان ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلاردىكى گۈزەل قىز - چاق كەنجىنى مەنسىتمەي كۈلۈۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ پەلكۈچنى④ ئاق بوياققا چىلىدى، قىزنىڭ يۈزىنى بوياۋېتىش ئۈچۈن قولىنى ئاپاردى، قىز يەنىلا كۈلۈپ تۇراتتى. كەنجىنىڭ پەلكۈچ تۇتقان قوللىرى تىترىدى:

— ئاسىدە !... — دېدى ئۇ سۈرەتكە قاراپ پىچىرلاپ، — بۇ سۈرەتنى نېمىشقا ئاسىدەگە ئوخشىتىپ سىزغاندىمەن. بىرەر يۈز ئادەمنىڭ سۈرىتى ئىچىدە يالغۇز سەنلا ئوبرازلىق، جانلىق سىزىلىپسەن، بۇ نېمىش؟... — جاۋابى ئاددىي بۇ سوئالغا ئۇنىڭ جاۋاب بەرگۈسى كەلمەيتتى، جاۋاب ئورنىغا ئۈچ كۈن بۇرۇنقى

"你说点好的！"大娘生气地说。

一顿美味的苦几饭，他们怎么也咽不下去……

## 2

坎吉从房里出来，漫无目的，用力骑着自行车，来到公社文化室。他准备在文化室绘画消磨时间，并以此解闷。最重要的是他心中有一股无名火在煎熬着他，因此，他想避开这些令人心烦的事。他来到画架前，手里拿着一支毛笔，凝视着画幅。画面上欢笑的农民，好象在讥笑他。特别是那个留着小辫，头戴花帽，十七、八岁的漂亮姑娘，象在对他笑个没完。他拿起画笔蘸足了白色颜料，伸手想把姑娘的脸抹去，但姑娘还在微笑，他那握着画笔的手颤抖起来。

"阿瑟黛……"他望着画面，喃喃地说："这怎么画得象阿瑟黛，画面上一百多个人物，唯有你最形象、生动，这是怎么回事？"答案很简单，但他无心回答这个简单问题。这还要从三天

① تۈزۈك گەپ 好话，中听的话。
② يوشۇرۇن ئوت 无名火。
③ مازاق قىلىش 奚落，讥讽，揶揄。
④ پەلكۈچ 画笔。

كىچىككىنە ئىشنى ئەسلەپ قويۇش يېتەرلىك. بۇ كەنجى ئۈچۈن ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم ئازابلىق بولسىمۇ گەرچە ...

*   *   *

كەنجىنىڭ ئاغىنىسى مۆمىنجان ئايالىنى قويۇۋېتىپ ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا كەنجىنىڭ ھۇجرىسىغا كەلدى.

— نېمىشقا ئايالىڭنى قويۇۋەتتىڭ ! — دېدى كەنجى ئۈنىڭدىن رەنجىپ.

— راستىنى ئېيتايمۇ؟

— يالغىنىمۇ بارمۇ تېخى؟

— ئۇنداق بولسا ئاڭلا ! مەن قىرىق سەككىز يۈەن مائاش ئالىدىغان تېخنىك بولۇپ قالدىم. كوممۇنىنىڭ ئېلېكتر ئىشلىرى مېنىڭسىز يۈرۈشمەيدۇ، ئايىلىمچۇ؟ دەردىمەن مەشرىپىدە تېپىشىپ قالغان بىر قېرى قىز. ئۆيىنىغان ئۇسسۇلى بىلەن پوتا ئويۇندا ئېيتقان بېيىتلىرىگە قاراپ كۆيۈپتىكەنمەن، ئەمدى قاردىسام، بىر يۈك بولدى. ئالداپ - سالداپ① خېتىنى بەردىم. ئەمدى چېكىپ يۈرۈپ ئالىمەن. پۇل دېسە بار، قولۇمنى نەگە سۇنسام، شۇ يەرگە يېتىدۇ.

— نومۇس ئەمەسمۇ؟ — دېدى كەنجى ئاچچىق بىلەن — مۇنداق قىلساڭ، مۇھەببەت دېگەننىڭ قانداق قىممىتى بولىدۇ ساڭا؟

— ئەخمەق، — دېدى مۆمىنجان ئۆزۈن چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ، — ئەر كىشىدىمۇ مۇھەببەت بولامدۇ، كۆيۈپ - پىشىش قىزلارنىڭ ئىشى، ئەرنىڭ ئىشى تاللاش. كۆرۈپ قالىسەن، ئۇن كۈنگە قالماي مۇنۇ قوشناڭ ئاسىدەمنى قولغا چۈشۈرىمەن. ئۇنى قولغا چۈشۈرۈۋالسام، پۈتۈن خەقنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ. نېمىشقا دەمسىنا، سەۋەبى: بىرىنچىدىن، ئۇ قىز ئەقىللىق؛ ئىككى-

前发生的一件小事说起，对坎吉来说：既是愉快的，也是烦恼的……

*　　*　　*

坎吉的朋友莫敏江同老婆离婚不到三天，就来到坎吉的家。

“你为什么同老婆离婚？”坎吉埋怨道。

“要我说真情么？”

“难道还有什么假的嘛？”

“好吧，你听着。我已经是每月拿48元工资的技术员了，公社电站的工作，全要靠我。而我那老婆呢？是在一次麦西莱甫上相识的老姑娘。看看她的舞蹈和听了她的对唱就爱上了他，现在看来这简直是一个负担。我连哄带骗地同她办了离婚手续。现在好了，我可得挑着娶了，钱也有了，想干什么就可以干什么。”

“你不害臊吗？”坎吉生气地说：“这样做，对你来说，爱情还有什么价值？”

“傻瓜！”莫敏江说着把长发往后一甩“男人有什么爱情，爱得如痴如迷是女人的事情，男人要做得就是挑选。你瞧着，不出10天我就会把你的邻居阿瑟黛搞到手。等把她弄到手，所有的

① ئالداپ ـ سالداپ 连哄带骗。

كىنچىدىن، كۆرۈپ تۇرسەن، چىرايلىق؛ ئۈچىنچىدىن، مائاش ئالىدۇ؛ تۆتىنچىدىن...

— بولدى قىل ! مەن سېنى ئادەم دەپ دوست بولۇپ يۈرۈپتىمەن، باشقىچە بىرنېمە ئىكەنسەن.

مۆمىنجان كەنجىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ چۆچۈدى ـ دە:

— ياھ، سېنىڭ تەۋازىلىقىڭنى[1]، چاقچاق، يالغان ئېيتتىم. راستىنى ئېيتسام، مەن ئۆزۈمدىن بىرى ئاسىدەمگە كۆيۈپ يۈرۈۋاتىمەن. بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەكىرگىنە ! قىز مېنى كۆرسىلا كېيىكتەك[2] ئۈركۈپ قاچىدۇ !

— نېمىشقا؟

— كۆزلىرىمنى ئۆزەلمەي[3] قالىمەن ـ دە.

شۇ سۆھبەتتىن كېيىن كەنجى ئاسىدەمگە سەپسالىدىغان بولۇپ قالدى. مۆمىنجان ھەر كۈنى كېلىۋەردى. كەنجى، ئاسىدەنى بۇ كاززاپ[4] يېڭىلدۇرۇپ كەتمىگىيدى، دەپ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى، ئاسىدەنىڭ مۆمىنجانغا چېلەك بىلەن سۇ چاچقىنىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، قىزغىنىش ۋە قىزنى مۆمىنجاندىن ساقلاپ قېلىش نىيىتى بىلەن: «خوتۇننى قويۇۋېتىپ، قىزلارغا سۆز قىلالايدىيۇ، مەن نېمىشقا قورقىمەن. مەنلا ئېغىزلانسام، ئاسىدە جەزمەن ماقۇل كۆرىدۇ. قېنى، ئۆزۈمنى بىر سىناپ كۆرەي، قىزلارنى جەلپ قىلالىغۇدەك يىگىتلىك كۇچۇم تۈگىدىمۇ، — يوق !» دەپ ئويلىدى.

قىز ـ يىگىتلەر قۇدۇق بېشىدا سۆزلىشىدۇ، چاقپېلەكنى تالاشقان بولۇپ بىر ـ بىرىنىڭ بىلەكلىرىنى تۇتۇشۇپ، ياشلىق تىلەكلىرىنى بايان قىلىشىدۇ. كەنجى چىرايلىق ياسىنىپ، پاكىز يۇيۇنۇپ، ئەپكېشىنى مۈرىسىگە سېلىپ قۇدۇق بېشىغا باردى، ئۇ ئاسىدەنىڭ چېلەك كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكىنىنى كۆرگە-

人都得大吃一惊。你猜为什么?因为,那姑娘第一聪明;第二漂亮;第三拿工资;第四……

“住口!我把你当人看才和你交朋友,你原来是这么个货色。”

莫敏江看坎吉的脸都变了色,吃了一惊,忙改口说:

“唉,看把你气的,我只是开个玩笑。说真的,我看上阿瑟黛已经很久了,你想个办法把我领到她家去!姑娘一看见我,就会象黄羊似地逃走!”

“为什么?”

“因为我总是两眼死死地盯着她看。”

这次谈话以后,坎吉也注意起阿瑟黛来。莫敏江每天都来,坎吉真担心阿瑟黛对付不了这个骗子。一天,他看见阿瑟黛用水桶往莫敏江身上泼水。出于嫉妒和让姑娘离莫敏江远一点的想法,坎吉心想:“和老婆离了婚的人都能和姑娘说话,我还怕什么。只要我去开口,阿瑟黛保准同意。好吧,让我来试试,看我有没有魅力吸引姑娘。”

姑娘和小伙子们在井边交谈着,为了争夺打水绳他们彼此抓住对方的胳膊,表达青春爱慕的愿望。坎吉梳洗干净,打扮得漂漂亮亮,挑起水桶朝井边走去。因为他已经看见阿瑟黛提着水桶出门了。

① تەۋازلىق 生气,好发脾气。
② كېيىكتەك 象黄羊似地。
③ كۆز ئۈزمەسلىك 目不转睛。
④ كاززاپ 骗子,诈骗者,招摇撞骗者。

نىدى، كەنجى قودۇق كاجۇسى ئۇستىدە تۇرۇپ، چاقپىلەك پىر-قىرىتىۋاتقان قىزغا قاراپ:

— ئاسىدە، نېمانداق بىر قولۇڭغا بىلەزۈك، بىر قولۇڭغا سائەت تاقىۋالدىڭ؟ — دېدى. كۆندە نەچچە قېتىم دىدارلىشىپ، ئايلار ئۆتسىمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمايدىغان سىپايى يىگىتنىڭ سوئالى قىزنى ھەيران قالدۇردى.

— پاھ، كەنجى ئاكا، سىزمۇ قىزلارغا سەپسالىدىكەنسىز-ھە؟ — دېدى قىز شوخلۇق بىلەن چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ.

— بىلەزۈكۈڭگە قاراپ بالىمىكىن دېسەم، سائەت تاقاپسەن، چوڭ بولغان ئوخشىمامسەن؟

— كىنوغىمۇ، مەشرەپكىمۇ بارماي كۆن ئۆتكۈزگىنىڭىزگە قاراپ، بوۋاي بولۇپ قالدىمىكىن، دېسەم، تېخى قىزلارغا زەن قويۇپ يۈرۈپسىز، ياش ئوخشىمامسىز؟

— تولا شېتىلىلىك① قىلما! — دېدى كەنجى قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، — بىردەمدىن كېيىن چىتنىڭ يېنىغا كەلگىنە، ساڭا بىر مۇھىم گېپىم بار، كېلەمسەن؟

— مۇشۇ يەردە يېرىمىنى بولسىمۇ ئېيتىڭ! — دېدى قىز قولىنى تارتىپ.

— ماقۇل، گەپنىڭ بېشى شۇ، ئۇسسۇل ئويناشنى، ناخشا ئېيتىشنى تاشلايسەن!

— پاھ، تېخى! — دېدى قىز يانپىشىغا ئۇرۇپ، — ھېلىمۇ ياخشى، كۆزلىرىڭنى ئويۇپ ماڭا بېرىسەن، دېمىدىڭىز، ھا-ھا-ھا... قېنى ئاندىن كېيىنچۇ؟

— قالغىنىنى چىت تۈۋىدە ئاڭلايسەن!...

كەنجى بېغىغا چىقتى، چىت قىلىپ تىكىلگەن جىگدىلەرنى ئارىلاپ ئاخىرغىچە ماڭدى. ئاسىدە كۆرۈنمىدى. چىتلار ئارىسىدىن بوينىنى سوزۇپ ھويلا ۋە باغلىرىغا قارىدى، ئاسىدە يوق. ئۇ

坎吉站在井沿上看着往井里放井绳的姑娘说:“阿瑟黛,你怎么一只手戴手镯,一只手戴手表啦?”对每天见几次面,但一个月也讲不了一句话、见人十分腼腆的小伙子的提问,姑娘吃了一惊。

“哎呀,坎吉哥,你也注意起姑娘啦?”姑娘俏皮地把头发往后一甩。

“看你戴的手镯,你也还象个孩子,可看你戴手表,又象个大人似的。”

“电影也不看,麦西莱甫也不参加,看你整天就象个老汉似的,原来你还会跟姑娘开玩笑,还是个小青年啊!”

“别油腔滑调了!”坎吉抓住姑娘的胳膊,说:“待会儿到篱笆边来,我给你讲句要紧的话。你来吗?”

“就在这儿说,半句也行!”姑娘抽回手说。

“可以,我说你不要再跳舞唱歌啦,行吗?”

“哼,说得轻巧!”姑娘拍了一下自己的胯说,:“还好,你还没有说把你的眼珠剜下来给我吧,哈、哈、哈……,那么,还有呢?”

“其余的,你在篱笆边听吧!……”

坎吉到园子里去了,他沿着当篱笆用的沙枣林,一直走到头,也没见着阿瑟黛。他又隔着篱笆伸长脖子向对面院子和果

① شپتىلىلىك 滑稽,诙谐。

قىزنىڭ ئەخمەق قىلغانلىقىدىن[1] خاپا بولۇپ ياندى. تۇيۇقسىزلا، ئامۇت دەرىخى ئۈستىدىن بېشىغا تولۇق ئامۇت چۈشتى ۋە كەينىدىنلا قىزنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى ئاڭلاندى:

— ھە، ئېيتىڭ، — دېدى قىز ئامۇت شېخىدىن پەسكە قاراپ تۇرۇپ، ئۇ يىگىتنىڭ كۆزىگە شاخلار ئارىسىدىن غىل - پال كۆرۈنگەن[2] ئايدەك بىلىندى، — ئۇسسۇل بىلەن ناخشىنى تاشلاپ نېمە قىلىمەن؟

— تۆۋەن چۈش، ساڭا ۋارقىراپ ئېيتىدىغان گەپمىدى ئۇ؟

— ئېيتىڭ، — دېدى قىز، — مۇشۇ شاختا تۇرۇپ قۇشلار بىلەن بىللە ئاڭلاي.

يىگىت ئۆز بېشىغا ساڭگىلىغان ئامۇت شېخىغا قارىدى:

— شاخ يېرىلىپ بېغىمغا چۈشسىڭ، گەپمۇ لازىم بولمايتتى... ئاسىدە !... ساڭا بىر يىگىت ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. لېكىن، سېنىڭدىن ئۇسسۇل ئوينىماسلىقنى، ناخشا ئېيتماسلىقنى تەلەپ قىلىدىكەن ! — دېدى كەنجى تەكەببۇرلۇق بىلەن گەپنى ئۇچۇق قىلىپ.

قىز پۈتۈن مەھەللە ئاڭلىغۇدەك قاقاقلاپ كۈلدى.

— بىلىمەن، — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ناخشا بىلەن ئۇسسۇلنى يامان كۆرىدىغان ئادەم مەھەللىمىزدە يالغۇز بىرلا ! سىز ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇنىڭ قىزىققۇچىلىكى يوق، دولان قىزلىرى ئۇنىڭغا «بۇت»[3] دەپ لەقەم قويۇپتۇ، ھا - ھا - ھا... — قىز شۇنى دېدى - دە، شاختىن سەكرەپ چۈشۈپ كېتىپ قالدى. كەنجى تۇرغان يېرىدە تۇرۇپ قېتىپلا قالدى. ئۇ قىزدىن بۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەنىدى.

ئەتىسىلا كوممۇنا بويىچە ئىلغار ياشلارنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنى بولدى. يىغىندىن كېيىن دولان مەشرىپى بولدى، كەنجى ئاساسلىق نەمۇنىچىلارنىڭ بىرى بولغاچقا، كوممۇنا رەھبەرلىرى

园望去，仍然没见阿瑟黛的影子。他感到受了姑娘的戏弄，非常生气地往回走去。突然从梨树上掉下一只生梨砸在他头上，接着从身后传来姑娘清脆的笑声。

“喂，你说呀！”姑娘隔着梨树枝向下望着说。她在小伙子眼中就象树枝间时隐时现的明月一样。“不让我跳舞和唱歌，那我干什么？”

“快下来，这能是大喊大叫对你说的话吗？”

“你说吧”姑娘说，“我和这树上的鸟儿一块听。”

小伙子看了一下垂到自己头上的梨树枝说：

“如果树枝伸到了我的园子里，也没什么话可说……阿瑟黛！……有一个小伙子爱上了你，但他想让你放弃跳舞和唱歌。”坎吉傲慢地挑明了话头说。

姑娘哈哈大笑，几乎全村人都能听到。

“我知道”姑娘柳眉倒竖，一板一眼地说：“不喜欢唱歌跳舞的人咱们村里只有一个！请你告诉他，他没有一点朝气，刀浪姑娘们给他起了个外号叫‘木头人’，哈、哈、哈……”姑娘说完，从树上跳下来走了。坎吉愣愣地呆在了那里，他没想到姑娘会如此回答。

第二天，公社召开先进青年表彰大会，会后举行了刀浪麦

① ئەخمەق قىلىش 愚弄，戏弄。
② غىل - پال كۆرۈنۈش 时隐时现，隐约可见。
③ بۇت 直译为“菩萨”、但从上下文来看此处表示“呆头呆脑、暮气沉沉”，故译为“木头人”。

ئالدىدىن كېتىشنى ئەپ كۆرمىدى. مەشرەپتە مۆمىنجان ئاسىدەنى ئۇسسۇلغا تارتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئويناشتى، مۆ-مىنجان كەنجىگە قاراپ - قاراپ قويدى. كەنجىنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل ئوت يېنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆسكەن ئاسىدە بىر كۈندىلا تەڭدىشى يوق① چىرايلىق، ھەرىكەتلىرى نەپىس، ئاۋازلىرى يېقىملىق، باشقىلا بىر سىرلىق قىزغا ئايلىنىپ قالدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ كەنجىنىڭ ئۇيقۇسى كېمەيدى، تامىقى ئازايدى، گەپ خۇشياقمايدىغان، خىيالچان بولۇپ قالدى. ئۇ يې-رىم كېچىدە بېغىغا چىقىپ، تام ئارىسىدىن ئاسىدەلەرنىڭ بېغى-غا، ھويلىسىغا ۋە ئۆي دېرىزىلىرىگە ئۇزاق قارايدىغان بولۇپ قالدى.

* * *

ئۇ قىزنىڭ سۈرىتىگە ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى. ئاق بوياق بىلەن بويىۋېتىش ئورنىغا، مومنى قارا بوياققا تەگكۈزۈپ، ئۇنىڭ چىرايلىق قۇلاقلىرىغا ياراشقان سېكىلەكلىرىنى قېنىق بويىۋەت-دى، قىزنىڭ ئالتۇن ھالقا ئاسقان قۇلىقى خۇددى قويۇق يوپۇر-ماقلار ئارىسىدىن ماراپ تۇرغان چىرايلىق غۇنچىغا ئوخشاپ قالدى.

«ئاسىدە، سېنىڭ قايسىلا ئەزايىڭنى سىزسا بىر سەنئەت، بۇ رەسىم نەشر قىلىنىپ قالسا، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ سېنى كۆر-گۈسى كېلىشىدىن قورقىمەن...» ئۇ ئاسىدە بىلەن خىيالىدا مۇڭدىشىپ، قولىدىكى موبىنى رەسىم جازىسى ئۈستىدە يور-غىلاتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلگىسىز، دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئېسىگە كەلدى:

— ئۆزۈڭ يېمىسەڭ مەيلى، — دېدى دادىسى ئۇنىڭغا قاتتىق ۋارقىراپ تۇرۇپ، — ئاناڭمۇ غىزا يېمىسە، ماڭ، ئاناڭنى ئايا،

西莱甫。坎吉是先进青年的骨干之一，所以不好在社领导面前退场。在麦西莱甫上，莫敏江邀请阿瑟黛跳舞，他们互相对跳着，莫敏江不时地望着坎吉，坎吉的身上象燃烧着一种异样的火。在他眼里，他看着长大了的阿瑟黛，一天之间就变成了一个举世无双的、动作优美的、声音动听的神秘姑娘。

从那天起，坎吉睡不着觉、吃不下饭，沉默寡言，常常愣愣地出神。半夜，他来到果园，隔着篱笆墙，向阿瑟黛家的果园、院子和窗户久久地凝视着。

*　　*　　*

他对着始娘的画像望了半天。本想用白颜料，却把毛笔蘸上了黑颜料，把姑娘那漂亮的耳朵浓浓地染了一番。姑娘戴着金耳环的耳朵，就象密叶中绽开的美丽花蕾。

“阿瑟黛，画你的哪个部位都是艺术，这幅画如果出版，我真担心会有很多人都想来看看你……”他在幻想中同阿瑟黛交谈着，手中的毛笔在画架上挥舞着。不知过了多久，听到父亲说话才转过神来。

“你不吃就算了，”父亲朝他大声嚷嚷道：“连你妈也不吃东

① تەڭدىشى يوق 举世无双的，无可匹敌的，无与伦比的。

بالام ! ماڭ، يوگور، تامىقىڭنى يە، ئاندىن كېيىن مەتيا راۋابىنىڭ پېشىگە يېپىش، ساڭا ئۇسسۇل ئۆگىتىپ قويسۇن.

كەنجى ئورنىدىن تۇردى. ئىشخانىغا كەچكى تاماقتىن كېيىن رەسساملار، تاماشىچىلار كىرىشكە باشلىغانىدى. ئۇ دادىسىدىن خەلقئالەم[1] ئالدىدا بىرىگە ئاشىق بولۇپ[2] يۈرگىنىمنى ئاشكارىلاپ قويمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

دادىسى ئوغلىنىڭ كەينىدىن قاراپ خورسىندى:

— هەي ياشلىق ! ئاشىقلىق نېمە كويغا سالمايدۇ[3] ـ هە؟

## 3

ئارىدا بىر هەپتە ئۆتتى، كەنجىنىڭ ياڭاقلىرى چاپلىشىپ[4]، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ[5] كەتتى. ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپ ئېتىزغا كېتەتتى، چۈشتىمۇ كەلمەيتتى، كەچتە كېلىپلا چالا ـ بۇلا[6] غىزالىنىپ، مەدەنىيەت ئۆيىگە كىرىپ رەسىم سىزىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ماختىغۇچىلارنىڭ ئاۋازلىرىمۇ، مەسلىهەتچىلەرنىڭ پىكىرلىرىمۇ سوغۇق ۋە يېقىمسىز ئاڭلىناتتى. كىمدۇر بىرى هېلىقى قىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئاسىدەگىلا ئوخشىتىپ قويۇپسەنغۇ، — دېگەندىلا، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەيتتى ۋە:

— ئاسىدەدىن باشقا چىرايلىق قىز يوقمىدى؟ — دەپ قوياتتى.

— بولدى، چەت ئەللەرگە چىقىرىلىدىغان دېهقانلار رەسىملىرىگە سېنىڭ ئۇ رەسىمىڭ تاللىنىدۇ. يوق، دۇنيادا سىزىشتىنمۇ كۆڭۈللۈك ئىشلار بار، مەن سېنى سەگىتىپ كېلىمەن ! —

西了，走，孩子，多为你妈想想，吃饭去，然后找麦提亚热瓦甫，让他教你跳舞。

坎吉从位子上站起来。晚饭后，画家和一些没事的人都开始涌入文化室，他怕父亲在众人面前公开自己的隐私，就匆匆走出去了。

父亲看着儿子的背影，叹了一口长气，说：

"哎，青春！爱情多么不可思议啊！"

## 3

一个星期过去了，坎吉的面颊消瘦了，眼窝也凹下去了。他早晨起来就下地，中午也不回来，晚上回来随便吃点东西就到文化室画画，消磨时间。他耳朵里听到的有赞许的声音，也有劝告者的意见。

当听到"你画得很象阿瑟黛呀！"时，他才会抬起头来微笑着说："除了阿瑟黛，再没有漂亮姑娘了吗？"

"行了，你这幅画准会被选上参加国外农民画展的。走，世界上还有比画画更开心的事，我让你清醒清醒。"一个身材矮

① خەلقئالەم 众人。
② ئاشىق بولۇش 爱上。
③ كويغا سالماسلىق 不可思议。
④ ياڭاقلىرى چاپلىشىپ 面颊消瘦。
⑤ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇش 眼窝深陷。
⑥ چالا - بۇلا غىزالىنىش 随便吃了点饭，马马虎虎用了餐。

پاكار بويلۇق، خۇش پېئىل يىگىت ئۇنى بىلىكىدىن تۇتۇپ تالاغا سۆرىدى.

— مەتيا ئاكا ! چىشىمغا تەگمىگىنە[1] ! — دېدى كەنجى ئۇنى سىلكىپ تۇرۇپ، — سېنى كۆرسەم قىرىق يىللىق قوۋقىمىم ئۆرلەپ، سېرىق تۈكلىرىممۇ تىك بولۇپ كېتىدۇ !

— مېنىڭمۇ سېنى كۆرسەم جەھلىم قاتىدۇ، لېكىن داداڭنىڭ تەلىپى، ئاناڭنىڭ ئىلتىماسى، قېرىلارنىڭ رايىغا بېقىپ، قايتىدىن سېنى دولانلىق قىلىشقا[2] بەل باغلىدىم !

— سېنىڭسىزمۇ مەن دولانلىق ! — دېدى كەنجى ئۇنىڭ يېپىشقاق قوللىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ، — سېنىڭ دەسسىگەن يېرىڭگە ئايىغىم تەگسە پۇتلىرىمنى يۇيۇپ ياتىمەن، مەتيا، يېتەر، قوللىرىمنى خېلىلا بېزەپ قىلدىڭ، ئەمدى يىراقراق تۇرغىن !

مەتيانىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز تىترىدى، كەنجى قانچە قېتىم بۇ گەپنى قىلدى: سېرىق ناخشا ـ ئۇسسۇل تارقاتقۇچى، فېئودالىزم تەرغىباتچىسى، دەپ سازايى قىلغاندىمۇ، چوڭ يىغىندا سۆزلىگەن سۆزلىرىدىمۇ، مىنبىنىڭ لىيەنجاڭى نامى بىلەن قىلغان ئايرىم سۆھبەتلىرىدىمۇ، ئورۇمچىگە نەزەرىيە كۇرسىغا بېرىپ كېلىپ، ياشلارغا قىلغان نەزەرىيە ئۆگىنىشلىرىدىمۇ، كەنجى ھامان مەتيانى بىرمۇ يارامىلىق يېرى يوق[3]، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە، ئەخلاقتا، ھەتتا يۈرۈش ـ تۇرۇشتىمۇ سەپتىن چىققانلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. مۇشۇ بىر يىلدىن بېرى مەتيا كەنجىنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن خېلى قۇتۇلۇپ قالغانىدى، مانا بۈگۈن يەنە ئاڭلىماقتا.

مەتيا ئەلىمنى ئىچىگە يۇتۇپ كۈلۈمسىرىدى:

— ھەي پالتاخۇن ئاكا، سېنىڭ بىلەن دوست بولغىنىمغا ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، شۇنداق بالاڭ بارلىقىنى بىلمىشقا دائىم يادىمدىن چىقىرىپ قويىمەن ـ ھە؟ ئۇستازىم پالتاخۇننىڭ

小，和颜悦色的小伙子抓住他的胳膊往外拽。

“麦提亚哥！你别惹我！”坎吉甩开他的手，说：“看到你，气就不打一处来，甚至连汗毛都竖起来了。”

“见到你，我的血液都凝固了，但是，按你父母亲的要求和老人们的意愿，我决心把你重新塑造成一个刀浪人。

“没有你，我也是刀浪人！”坎吉推开他那纠缠着的手，说，“你踩过的地方我的鞋子挨上都脏了我的脚。麦提亚！够了，你弄脏了我的手，你给我站远点！”

麦提亚的手都发抖了。坎吉把这些话重复了许多遍：什么黄色歌舞的传播者，封建主义的鼓吹者。无论在大会上讲话还是在以民兵连长名义召开的座谈会上，即使到乌鲁木齐参加理论培训班回来给青年们辅导时，坎吉也总是把麦提亚说得一无是处。就连劳动，学习，道德，甚至连走路也被当作异己分子的代表。只是这一年来，麦提亚才摆脱了坎吉的谴责，可今天又听到了这些。

麦提亚强压下怒气，微笑着说：

“帕里塔洪大哥，我现在真后悔和你交朋友，我怎么总忘记你有这么个儿子呀！我是看在帕里塔洪师傅的面子上，你知道

① چىشىغا تەگمەك 惹，触犯，触怒。
② دولانلىق قىلىش 使……成为刀浪人。
③ بىرمۇ يارامىلىق يېرى يوق 一无是处，没有一点好地方。

يۈز ـ خاتىرسى جۇمۇ. مەن سېنى سەگىتىپ قويىمەن، يۈر !

قاۋۇل مەتيانىڭ ئامبۇردەك قوللىرى كەنجىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ كەنجىنىڭ نالىسىگە، قارشىلىقىغا قارىماي، ئۇنى ئۆيدىن باغقا سۆرەپ چىقتى. ئۇلار باغدىكى شاتۇت دەرىخىنىڭ ئاستىدا زوڭزىيىشتى.

— نېمە قىلماقچىسەن، مەتيا؟

— مەن سېنى دولان ياشلىرىنىڭ قاتارىغا قايتۇرۇپ كەلمەكچىمەن.

— قانداق قىلىپ؟

— ساڭا ئۇسسۇل ئۆگىتىمەن !

كەنجى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى:

— نېمە، سەن ئۆگىتەمسىنا؟ بىلىپ قويغىن، سېنىڭ ئىزىڭ چۈشكەن توپىدىن بىر چاڭنىمۇ بەدىنىمگە قوندۇرمايمەن. سەن كىم؟ داڭلىق ئاق نانچى①. سەن بىرى خورەك تارتىپ بەرسىمۇ ئۇسسۇلغا چۈشىسەن ! مەن سېنىڭدىن ئۆگىنەمدىمەن؟

— دېگەنلىرىڭ راست، ئۇكام، مەن ھۇرۇن، مەن لايغەزەل ئىدىم. ئەمگەكتىن قاچاتتىم، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، داپ چېلىپ يۈرگىنىمگە ئوتتۇز ئۈچ يىل بولۇپ قالدى، يەنە بىلىپ قوي، مەن مۇشۇ ناخشا ـ ئۇسسۇلنى دوست تۇتۇپ، يەنە ئوتتۇز ئۈچ يىل ياشىيالايمەن. ئۆلگەندە نامىزىمغا ئون ئۆستەڭلىك يەرنىڭ② ئادىمى كېلىدۇ. سەن شۇ چاغدا مەتيانى تىللىغان ئاغزىڭغا كاچات ئۇرىسەن، بالا !

مەتيانىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان بۇ سۆزلىرى كەنجىگە تەسىر قىلدى، ئۇ يەنە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، دېمىسىمۇ، مەتيانىڭ ئەيىبلىرىنى يېپىپ تۇرغانمۇ ئاشۇ ناخشىسى بىلەن ئۇسسۇلى ئىدى.

吗?现在我让你清醒清醒!”健壮的麦提亚那铁钳般的双手紧紧抓住坎吉的胳膊,他不顾坎吉的挣扎,反抗,把他从房子里拖到果园里。他们一起坐在果园里的桑葚树下。

“你想干什么?麦提亚。”

“我想让你回到刀浪青年行列里来!”

“你怎么做?”

“我教你跳舞!”

坎吉一下跳起来,说:“什么!你教我?要知道,你脚下带起的灰尘,连一点也落不到我身上。你是什么人?是出了名的寄生虫!人家打鼾你也跳舞,我能向你学吗?”

“你说得对,老弟,我是懒,我是游手好闲。我逃避劳动,专门跳舞,唱歌,打手鼓已经33年了。还要让你知道,我要和歌舞做朋友,再活33年。

等我死了,四方的百姓都会来参加我的葬礼,到那时,你会扇你那曾经骂过麦提亚的嘴巴的!”

麦提亚这些发自内心的话,打动了坎吉,他又在麦提亚的旁边坐下来。心里想,也就是那动听的歌声和优美的舞姿掩盖了麦提亚的缺点。

“麦提亚大哥,你今后还象寄生虫那样混日子吗?你就不改

① ئاق نانچى 寄生虫,好吃懒做者,吃闲饭的人。

② ئون ئۈستەڭلىك يەرنىڭ 这里的“10”表示多,不确指,应译作“四方的,周围的”。

— مەتيا ئاكا، سەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاق نانچى بولۇپ ئۆتۈۋېرەمسىنا؟ ئۇ ئەيىبىڭنى تۈزىمەمسىنا؟

— لېكىن ئەيىب تۈزىتىشتە سەندىن قالمايمەن، ئۇكا. مەن-مۇ بىلدىم، ئەمگەكسىز هايات لەززەتسىز بولىدىكەن، مېنى ئاق نانچى دەيدىغان يالغۇز سەنلا قالدىڭ. مېنىڭ ئەيىبىمنى ئارتۇق-چىلىقىم يېپىپ كېتەلەيدۇ، — دېدى مەتيا كەنجىنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ، — سېنىڭ ئەيىبىڭنىچۇ ! ئەمگەكتىكى ئىلغارلىقىڭ، خوتۇن - قىزلارغا كۆز سالماسلىقىڭ، يالغان ئېيتماسلىقىڭ، ئۇستا رەسساملىقىڭ، خىزمەتلەردىكى ئاكتىپلىقىڭ، قولۇڭنىڭ ئەپلىكلىكى①، ئاتا - ئاناڭغا كۆيۈنۈشۈڭ، كىتابلارغا بېرىلىد-شىڭ، يەنە ئاللىقانداق ياخشىلىقلىرىڭ زادىلا ياپالمايدۇ. نېمىش-قا؟ سەن دولان ياشلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى بىر پەزىلىتىدىن مەھ-رۇم سەن ! سەن سەنئەتنى خورلايدىغان ياۋايى تەبىئەتلىكلەرنىڭ خىلىدىنسەن ! شۇنىڭ ئۈچۈن، سېنى قىزلار ياراتمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرمەيمەن. بۈگۈن داداڭ بىلەن ئا-ناڭمۇ سېنىڭدىن نەپرەتلەنمەكتە !

كەنجىنىڭ بېشى چۆشتى. ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ئاسىدەنىڭ: «سىزنى قىزلار ‹بۇت› دەيدۇ، ها - ها - ها...» دېگەن كۈلكىسى جاراڭلىغاندەك، دادىسىنىڭ: «بەدىنىڭدە دولانلىقنىڭ قېنى يوق !» دېگەن سۆزلىرى گۈركىرىگەندەك بىلىنىشكە باشلىدى.

كەنجى يېرىم كېچىدە ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ مېڭىپ، هۇجرىسىغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇۋېد-دى، ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىدا ياتقان ئاتا - ئانىسى تۇيۇپ قالدى:

— كەلدىڭمۇ، بالام ! — دېدى مېهرىبان ئانىسى يېنىك ئۇھ تارتىپ.

— مەتيا سېنى ئىزدەپ نەچچە رەت كەلدى، — دېدى پالتا-خۇن تام تەرەپكە ئۆرۈلۈۋېتىپ، — سېنى قىمار ئوينىشقا دەۋەت

一改这个缺点吗？”

“但是，在改正缺点上我也不比你差，老弟。我知道，没有劳动的生活是乏味的，只有你一个人说我是寄生虫。我的长处可以弥补不足。”麦提亚拍着坎吉的肩膀，说：“而你呢？虽说你劳动积极，不追女孩子，不说假话，会画画，工作主动，手巧，孝敬父母，爱学习，但无论什么样的优点都掩盖不了你的缺点。为什么？因为你失去了刀浪青年最可贵的品质！你是糟蹋艺术的野蛮人！所以，姑娘们都不爱你。所以我也不喜欢你。今天，你爸爸妈妈都生气了。”

坎吉低下了头，他耳边又响起了阿瑟黛“姑娘们都叫你‘木头人’，哈、哈、哈……”的笑声和父亲那“你的身上没有刀浪人的血”的咒骂声。

坎吉半夜才回到家。他想踮着脚尖轻轻地走进自己的卧室，可睡在葡萄架下面土炕上的父母亲还是被惊醒了。

“回来了吗？孩子！”慈祥的母亲轻声叹了口气。

“麦提亚来找了你几趟。”帕里塔洪面朝墙，说：“又不是让你去赌博，你那么犟干什么？孩子！”

① قولى ئەپلىك 手巧。

قىلمىغاندىن كېيىن نېمانچە گەدەنكەشلىك قىلىسەن، بالامەي !

دادىسىنىڭ ئۇيقۇسىرىغانلىقتىن گاراڭ - گۇرۇڭ چىقىقان ئاۋازىدىن رەنجىگەنلىكى بىلىندى. كەنجى ھۇجرىسىغا كىرمىدى، چاقىسىنى ئاستا ئېچىپ، باغقا چىقتى. باغنىڭ ئارقا تەرىپى ئەترەتنىڭ چوڭ بېغىغا تۇتىشاتتى، ئۇ ئەترەتنىڭ، ئۆزىنىڭ ۋە ئاسىدەلەرنىڭ باغلىرى تۇتىشىدىغان بۇلۇڭغا كېلىپ ئەنجۇر ئاستىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى، ئۇ قوشنىسىنىڭ بېغىغا قاراپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى - دە: «ئاسىدە، سەن تونۇگۇن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ مۆمىنجان بىلەن پاراڭلاشتىڭ - ھە، ھەتتا قاقاقلاپ كۈلدۈڭ، مېنىڭ جېنىمغا تېگىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭمۇ ياكى...» دەپ پىچىرلىدى.

ئۇنىڭ باشلىرى غوڭۇلدايتتى①، كۆزلىرىگە ئىمىر - چىمىر② بىر نېمىلەر كۆرۈنەتتى، ئۇ ھازىر بارلىق شېرىن خىياللاردىن قۇتۇلۇشنىلا ئويلايتتى. چۈنكى، نەچچە كۈندىن بېرى، مەيلى كېۋەزگە ئىشلىسۇن، مەيلى رەسىم سىزسۇن، ياكى مەيلى يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسۇن، ئاسىدە بىلەن بىللە بولغاندا قىلىشىدىغان شېرىن سۆزلەر، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىغاندا قىلىدىغان ئىشلار... قىسقىسى، ئۆزى شېرىن ھايات دەپ ھېسابلىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئويلاپ بولغان، ھەتتا نەچچە قايتۇرۇپ ئويلىغان، بۇ خىياللار ھېسابىغا ئانىسىنىڭ ئارامىنى، دادىسىنىڭ خۇشلىقىنى قاچۇرغانىدى.

— بالام !... بالام... — ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇ ئەترەتنىڭ بېغىغا چىقىپ كەتتى، — دېدى دادىسى ئەسنەپ تۇرۇپ.

— بالا كۆيگەن بولسا، ئاسىدەگە كۆيىدى، — دېدى ئانىسى تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — كۆيەك③ يامان، دادىسى.

— قىزلار بەكرەك④ كۆيىدۇ، ئاسىخان ...

— تۇزۇك گەپ قىلسىلا !...

从父亲在昏昏欲睡中的沙哑声中可感到他生气了。坎吉没进屋，他轻轻打开院门，走进果园，果园的后墙和队里的果园相连，他来到队里、自家和阿瑟黛三家相连的墙角，坐在一棵无花果树下，望着邻居的果园，深深地叹息，喃喃地说："阿瑟黛，昨天你还站在这里和莫敏江聊天，甚至哈哈大笑，你是为了刺激我吗？还是……"

他的头脑发懵！眼睛模糊起来了，他现在想摆脱一切甜蜜的幻想。

几天来，无论是种棉花，画画，或是单独深思，总是想着和阿瑟黛一起说着甜蜜的话，想着将来和她一起生活的事……总之，他认为是甜蜜的生活，该想的都想了，甚至反复想了很多遍，这些遐想使得父母亲无法安睡。

"孩子，孩子……"传来母亲的喊声。

"他到队上的果园里去了。"父亲打了个哈欠说。

"如果说孩子爱上了谁的话，那一定是爱上了阿瑟黛。"母亲用颤抖的声音说，"情火是很厉害的，孩子他爹。"

"姑娘的情火着起来更旺，阿斯汗……"

"你说点正经话！……"

"如果爱上阿瑟黛的话……"帕里塔洪一下子兴奋起来，

① باش غوڭۇلداش 头懵。
② ئىمىر - چىمىر 模模糊糊的，缭乱的。
③ كۆيەك 爱情，恋爱。
④ بەكرەك 狠狠地，使劲地，更加。

— ئاسىدەگە كۆيگەن بولسا... — دېدى پالتاخۇن بىردىنلا خۇشال بولۇپ، — ياخشى بوپتۇ. ئۇسسۇل ئوينىسۇن، شوخ بولسۇن، شۇ چاغدا ئاسىدە كەنجەڭگە ياق دېمەيدۇ. لېكىن، كەنجەك ئۇنى قىلالمايدۇ، ئاسىدە ئۇنى ياقتۇرمايدۇ!... — پالتاخۇن ئېغىر خۇرسىندى.

— ياقتۇرۇپمۇ قالار... ئىسسىقچىلىق چۈشۈپمۇ قالار... — دېدى ئانىسى مىشىلداپ يىغلاپ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان كەنجى يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. «نېمە بوپتۇ، ئاتا - ئانامنى، شۇ قاتاردا ئۆزۈمنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ، مەتيا راۋابتىن ئۇسسۇل ئۆگەنسەم نېمە بوپتۇ...» دەپ ئويلىدى ۋە شەپە بىلدۈرمەستىن ئېرىق ئىچى بىلەن ئەترەتنىڭ بېغىغا چىقىدىغان چاقسا تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى...

## 4

پاراسەتلىك چەۋەنداز ئاساۋ ئايغىرنى كۆندۈرگەندەك، سەۋرلىك يىگىت تەكەببۇر قىزنى ئاخىر ئۆزىگە قاراتقاندەك... مەتيا راۋاب ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە سەۋرچانلىقىنىڭ مېۋىسىنى كۆردى. كەنجى بۈگۈن كەچقۇرۇن هاراق، سامسا، توقاچلارنى[1] ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ كەلدى.

— ئۇسسۇل ئوينىغانغا ئاسىدە ماڭا تېگىدىغانلا بولسا، مەن ئۆگىنەي، بېشىم بىلەن مېڭىپ بولسىمۇ[2] ئۆگىنەي — دېدى كەنجى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپ، — مەتيا ئاكا، ئەمدى تاقىتىم تۈگىدى، ئۈچ سوتكا بولدى، ئۇخلىمىغىلى، گېلىمدىن سوغۇق سۇدىن باشقا هېچ نەرسە ئۆتمەيدۇ، ئانامۇ مېنىڭ بىلەن تەڭلا قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئانامغا

"那就太好啦，让他跳舞，让他活泼点，到那时，阿瑟黛一定不会拒绝你的坎吉的。但是你的坎吉做不到这些，阿瑟黛也不会喜欢他的……"帕里塔洪又重重地叹了口气。

"会喜欢的……会热起来的……"母亲抽泣着说。

听到这些话，坎吉真恨不得找个地缝钻进去。他想："既然这样，为了父母，同时也为了自己免受煎熬，还不如跟上麦提亚去学跳舞呢……"他悄悄地沿着水渠朝队上果园的大门走去……

## 4

象高明的骑手驯服了强悍的烈马，象耐心的小伙子征服了傲慢姑娘的心……麦提亚的努力和忍耐见了成效。今晚坎吉提着酒，拿着烤包子和油馕来看望他了。

"如果会跳舞阿瑟黛就肯嫁给我的话，我就学，再难我也学。"坎吉凹进去的眼睛滴溜溜地转着，"麦提亚大哥，我不能再忍耐了，三昼夜没睡觉，除了喝凉水，什么也咽不下去，我母亲也和我一样日渐消瘦，看到母亲的情景，父亲也快支持不住了。昨天又举行了麦西莱甫，把我折磨成这样的姑娘好象故意作对

① توقاچ 油馕，维吾尔族人常吃的，用油和面烤制的一种食品。
② بېشى بىلەن مېڭىش直译为"用头走路"或"倒着走路"，概括上下文，这里应译作"再难"或"无多难"。

قاراپ دادامۇ تۇگىشىۋاتىدۇ. تۇنۇگۇن يەنە مەشرەپ بولدى. مېنى بۇ ھالغا سالغان قىز قېرىشقاندەك مۆمىنجان بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇلار بېقىشىپ ئوينىشىۋىدى، يۈرىكىمگە سانسىز تىغلار سانجىلغاندەك بولۇپ كەتتى. مەتيا ئاكا، دېگىنىڭنى قىلىپ بېرەي، ماڭا ئۇسسۇل ئۆگەت، لېكىن بىرىگە تىنما. پىشقان ئالما شېخىدىن ئۈزى چۈشكەندەك، ۋاقتى - قەرەلى① كەلگەندە، مەن ئۆزۈم سەكرەپ چۈشىمەن!

مەتيا پىيالىگە ھاراقنى تولدۇرۇپ قويدى ۋە يۇمشاق بورۇتلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇ كەنجىنىڭ سارغىيىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ:

— سەنمۇ كۆڭلۈڭ تارتمىغان ئىشقا ئۆزۈڭنى مەجبۇرلاۋاتىسەن، مەنمۇ قونچاققا قېتىق ئىچكۈزگەندەكلا بىر ئىش قىلىۋاتىمەن، لېكىن ياخشى نىيەت بىلەن دارغىنى ئىرغىتساڭمۇ ئېتىكىڭگە مېۋە چۈشىدۇ. ئۇكام، قېنى ئەمىسە باشلايلى، مەتيا ئاكاڭ پالتاخۇنكامنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن بىر كۆتۈرۈۋېتىدۇ، قېنى، خوشە!

ئۇ ھاراقنى ئىچتى، سامسىنى يېدى ۋە كەنجىنى بېغىدىكى كىچىككىنە كۆلنىڭ بويىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ قولىغا داپنى ئېلىپ:

— ئەمىسە سىم باياۋاندىن باشلايمىز، — دېدى - دە، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن مۇقام باشلىۋەتتى:

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
ئايغا كۆيىدۇ بۇ جان.
كىيگەن كۆڭلىكى ئەتلەس،
تۈگمىسى سەدەپ مارجان.

似的，专和莫敏江跳舞。看到他们对视着地跳舞，我的心就象有无数把剑刺的一样。麦提亚大哥，就按你说的办，你教我跳舞，但别声张。就象熟透的苹果自己从树上掉下来那样，到时候，我自己会跳起来的！”

麦提亚往茶碗里斟满了酒，捋着稀疏的胡子哈哈笑起来。他看着坎吉那发黄的脸，说：

“你在强迫自己做违心的事，我也好像是在给洋娃娃喂酸奶。但只要心诚，摇一下树枝，苹果也会掉到你的怀里的。老弟，来，开始吧，你的麦提亚大哥为了帕里塔洪大叔的身体健康，干一杯！来，干了！”

他喝完酒，吃完烤包子，把坎吉带到果园里的一个小水池边。他拿起手鼓，“来。先从《丝木巴雅婉》开始。“说着，跪坐在地上，亮开嗓门唱起了《木卡姆》：

情人的名字叫阿依罕，
天上的月亮她最喜欢；
身上穿着艾特来丝，
全身装饰着珍珠玛瑙。

① قەرەل 期，期限。

مۇقام تۇگىگەندىن كېيىن ئۇ ئالدىرىماي ئۇسسۇل باشلى-
دى، ئۇنىڭ قىسقا پۇتلىرى رىتىملىق ئاۋاز بىلەن يەرگە ئەپچىل
تېگەتتى، ئۇ ئاۋۋال بىر خىل ھەرىكەتنى قايتا ـ قايتا
تەكرارلاپ، كەنجىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۆز ئىزىنى دەس-
سەتكۈزۈپ ماڭغۇزدى. كەنجى ئىچ ـ ئىچىدىن خورلۇق ھېس
قىلدى. چۈنكى ئۇ يىگىت بولۇپ يېتىلگەندىن تارتىپلا ئۇسسۇل ـ
ناخشىلارنى يامان كۆرۈپ كەلگەن. ئۇنىڭغا بۇنداق ھەرىكەتلەر،
بايىقى قوشاقلار سەنئەت ئەمەس، بىر خىل ھاقارەتلىك ئىشتەك
بىلىنىشكە باشلىدى. 1966 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ 1 ـ يىللىقىنى تۈگەتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئۆگەنگەن
قايسى كىتابىدا بۇنداق سەنئەت بار دېيىلەر، كىتابىدىلا ئەمەس،
ئۇنىڭ مىنبىلىك، ئىلغار زىيالىي ياش، جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق
ئىشلىتىش[1] نەمۇنىچىسى دېگەندەك ناملارغا ئېرىشىشىدە ياكى
ئۆز ناھىيىسىدە، ۋىلايىتىدە، ھەتتا ئۇرۇمچىدە بولۇپ ئۆتكەن نە-
زەرىيە ئۆگىنىش كۇرسلىرىنىڭ قايسى بىرىدە بۇنداق دولان
ئۇسسۇلىنى «ئىنقىلاب ئۈچۈن پايدىلىق» دەپ تىلغا ئاپتىكەن.[2]
شۇنى ئۆز نۆۋىتىدە ئېيتىپ قويۇشقا بولىدۇكى، كەنجى سەنئەت
نەزەرىيىلىرىنىمۇ خېلى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئۆگەنگەن نەزەرىيەد-
سىگە سالغاندىمۇ، دادىسىنىڭ مۇقاملىرى سەنئەت قاتارىغا كىر-
مەيتتى... دادىسىنىڭ كونىنى ياقلايدىغانلىقى[3]، ئۇنىڭ ئۇستىد-
گە، بۇرۇن سېرىق دەپ قارالغان بەزى نەرسىلەرنىڭ سەھنىگە
چىقىۋاتقانلىقى... ئۇنىڭ تىلىنى قىسقا قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەڭ
مۇھىمى، ئاسىدەنىڭ ئۇسسۇل بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى
كۆزگە ئىلمىغانلىقى... «خەپ، مەتيا، ساڭا ھاجىتىم چۈشەر دەپ
ئويلىمىغان بولغىيدىم. مانا قارا، ھايات دېگەن ئادەمنى نېمىلەر-
گە موھتاج قىلمايدۇ ـ ھە !...» ئۇ بېشىنى تۇتۇپ قىرغاققا ئول-
تۇرۇۋالدى. مەتيا كەينىگە قاراپمۇ قويماي ھە دەپ[4] ئۇسسۇل

唱完木卡姆，他不紧不慢地跳起舞来，他的两条短腿很有节奏地轻轻踮着地。开始，他抓住坎吉的胳膊反复重复一个动作，让他踩着自己的脚印走。坎吉从心底里感到受了屈辱。因为，从他长成小伙子以来，就不喜欢唱歌跳舞。他认为这种动作和刚才的歌谣都不是艺术，就象受了侮辱似的。1966年，他初中一年级毕业，从那时起，他读过的哪本书里有这样的艺术呢？不仅书本里没有，就连他当民兵、先进知识青年、“活学活用”积极分子时或者在县上、地区甚至乌鲁木齐举办的理论学习班上，哪有一个说这种刀浪舞是“对革命有益”的呢？之所以这么说，是因为坎吉也学了不少文艺理论，在他学过的理论里，父亲的木卡姆哪里算什么艺术……父亲推崇旧事物，把以前被称作黄色的有些东西也搬上了舞台……他的舌头也好象短了半截。而最重要的是阿瑟黛，她因为我不会跳舞而看不上我……“哼，麦提亚，不是考虑到有求于你，我才不会找你的。你看，生活让人无所不求！……”他抱着头坐在田埂上。麦提亚看也没往后看一

① جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش 活学活用。
② تىلغا ئېلىش 提起，说起。
③ ياقلاش 赞成，赞同，推崇。
④ ھە دەپ 尽力，一个劲儿，竭力，百般，大肆。

ئوينىماقتا، ئۇ كەنجىنىڭ ئولتۇرۇۋالغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

كەنجى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بۇ ئادەمگە نەپرەت بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتلىرىنى ئەسكە ئالدى:

... كەنجى 1966 ـ يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلدى، ئۇ مەھەللىسىگە «فېئودالىزم تەرغىباتچىسى» دېگەن قەغەز مەيدىسىگە چاپلانغان، بېشىغا ئېگىز قالپاق كىيدۈرۈلگەن ئادەمنى سازايى قىلىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە كەلدى. ئۈستىۋېشى تۇپا ـ چاڭغا مىلەنگەن «تەرغىباتچى» كەچقۇرۇن كەنجىلەرنىڭ ئۆيىگە كىردى، كەنجى ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ:

— نېمە لازىم، ساڭا ![1] — دەپ ھومايدى ئۇنىڭغا.

— كەلگىن، مەتيا، — دېدى دادىسى كەنجىگە ئالىيىپ قوپۇپ، — كەلگىن، ساڭا غىزا ئېلىپ قويدۇم، يۇر ئۆيگە !

كەنجى دادىسىغا نارازى بولدى، «فېئودالىزم تەرغىباتچىسى» دېگەن نام بېرىلگەنىكەن، ئۇنى بوسۇغىغا يولاتماسلىق[2] لازىم ئىدى، دادام نادانلىقىدىن بۇنىڭغا شەپقەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

دادىسى يالغۇز قالغاندا:

— جەمئىيەت تۆكۈرۈپ تاشلىغان نەرسىلەرنى ئەتىۋارلايدىكەنسەنغۇ، دادا، ئۇ بىر جەمئىيەتنىڭ سۈپۈرۈندىسى تۇرسا، — دېدى.

دادىسى ئون بەش ياشلىق ئوغلىغا:

— ناخشا ـ ئۇسسۇل، ساز ئۈچۈن گۇناھكار بولىدىغان بولسا، مەنمۇ گۇناھكار، سەنمۇ گۇناھكارنىڭ بالىسى. نېمىشقا دېمىسىنا؟ قانچە گۇناھ بولسا بولسۇن، ناخشا بىلەن ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن كۈنۈم ئاچ قالغان كۈنۈمدىنمۇ بەتتەر كۆڭۈلسىز... — دېدى. كەنجىنىڭ ئۇ كۈنى مەتيانى كۆرەر كۆزى يوق بولسىمۇ،

眼，只管跳自己的舞，对坎吉坐在那里一点也没察觉。

坎吉厌恶地看着这个跳舞的人，回想起和他相遇的情景：

1966年秋天，坎吉从乌鲁本齐回来，正碰上一个胸前挂着："封建主义吹鼓手"的牌子，头上戴着高帽子的人在村里游街。晚上，这个满脸尘土的"吹鼓手"来到坎吉家。坎吉对他的到来很反感，没好气地说："你要干什么？"

"来，麦提亚。"父亲瞪了坎吉一眼，说："来，我给你准备了吃的，到屋里来！"

坎吉对父亲很不满，他想，这个人是"封建主义的吹鼓手"、不能让他登自己的家门，而父亲由于愚昧，还对他大发慈悲。

等父亲单独在时，他说：

"对社会抛弃的东西，你还那么器重呀！爸爸，他是社会垃圾。"

父亲对15岁的儿子说：

"如果喜爱歌舞和音乐就是罪人的话，那我也是罪人，你就是罪人的儿子。你要说为什么？不管有什么罪，没有歌舞的日子，比挨饿还要难受……"那天，坎吉虽说对麦提亚很看不上

① نېمە لازىم، ساڭا؟ 你要干什么？你需要什么？
② بوسۇغىغا يولىماق 登门，上门。

دادىسىنىڭ كۆڭلىنى دەپلا ئۇنى ئۆيىدە قوندۇردى... 1971 ـ يىلى كەنجى ئىلغار مىنبىڭ، ئىلغار ئىتتىپاق ئەزاسى، ئىلغار زىيالىي ياش نامىلىرى بىلەن ① دوكلات قىلىش ئۈچۈن كوممۇنىلارغا باردى. ئۇ يىراق بىر كوممۇنىدا جۇل ـ جۇل كىيىملىك، ② قولتۇق تاياق تايىنىۋالغان مەتىيانى كۆردى. مەتىيا كەنجىنى كۆرۈپ:

— داداڭغا سالام دەپ قوي، مەتىيا تېخى ھايات! — دەپ ۋارقىرىدى. كەنجى ئۇنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلغانلىقىنى بىرى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ناھىيىنىڭ تەشۋىقات ئەترىتى ئويۇن قويۇپ بېرىۋىدى، ئويۇن تېخى يېرىمىغا بارا ـ بارمايلا ئادەملەر تارقىلىشقا باشلىدى. مىنبىڭلار ئادەملەرنى قورال بىلەن توساپمۇ توختىتىپ قالالمىدى. توساتتىن، شۇ يەردە راۋاب بىلەن مەتىيا پەيدا بولۇپ قالدى.

— چال! مەتىيا، مانا سەنئەت دېگەن! — دېيىشتى كۆپچىلىك تۇشمۇتۇشتىن. مەتىيا ئۆزى تۈزگەن يېڭى قوشاقلىرىنى دولان مۇقاملىرىغا سېلىپ ئېيتىۋىدى، كۆپچىلىك بىردىنلا بارىكاللا ئېيتىشىپ، ئۇنى ئورىۋالدى. كۆپچىلىك ئۆزلۈكىدىنلا مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئادەملەر ئۆي ـ ئۆيدىن، نە ـ نەلەردىن③ كېلىپ سەيناغا پاتماي قېلىشتى... بىردىنلا قوراللىق مىنبىڭلار پەيدا بولدى ـ دە، مەتىيانى باغلىدى.

— سېرىق ناخشا ئېيتىپ، فېئودالىزمنى تەشۋىق قىلدى، — دېدى مىنبىڭ.

— كوممۇنىنى ماختاپ ناخشا ئېيتتىمغۇ! — دېدى بىر دېھقان مەتىيانى ماختاپ.

— ئاھاڭى سېرىق! — دېدى ھېلىقى ياش تەكەببۇرلۇق بىلەن گىدىيىپ، — فېئودالىزمنى ماختايدىغان ناخشا! ...

眼，但考虑到父亲的心情，还是留他住下了……1971年，坎吉以先进民兵、模范团员、先进知识青年的名义到公社做报告，他在一个偏僻的公社里见到了衣衫褴褛、拄着拐仗的麦提亚。麦提亚一见坎吉就嚷起来：

“向你父亲问好，就说麦提亚还活着！”

坎吉唯恐别人看见他在跟自己讲话，赶紧避开了。

当晚，县宣传队演出了节目，节目还没演到一半，人们就开始退场了。民兵们用枪阻拦也无济于事。突然，拿着热瓦甫的麦提亚出现了。

“弹吧，麦提亚，这才叫艺术！”大家异口同声地说。麦提亚弹着刀浪木卡姆，唱起自编的歌谣，众人一下子欢呼起来，把他团团围住。大家自发地举行起麦西莱甫，一起跳起舞来。人们从四面八方涌来，场院里都挤不下了……突然，持枪的民兵出来把麦提亚捆了起来。

“他在唱黄色歌曲，宣传封建主义，”一个民兵说。

“他在歌唱人民公社嘛！”一个社员夸说。

“曲调是黄色的！”那个年轻人傲慢地摆着架子说，“是封建主义的赞歌！”

① نامىلىرى بىلەن 的……名义。
② جۇل - جۇل كىيىملىك 衣衫褴褛。
③ نە - نەلەردىن كېلىش 从四面八方涌来。

كەنجى مىنبىگىنىڭ سۆزلىرىنى چىن كۆڭلىدىن ماقۇل كۆردى. چۈنكى، ئۇنىڭ سادىق، ئەمما نادان ۋۇجۇدىغا سىڭگەن تەربىيە كونا نەرسىگە قارشى بىر ئاجايىپ قارا كۈچ پەيدا قىلغان ئىدى. بۇ قارا كۈچ ئۇنىڭغا ھەتتا پەرىجە ـ يەكتەك كىيگەنلەر ـ نىمۇ سەت ۋە يىرگىنچلىك قىلىپ كۆرسىتەتتى. كەنجى سۆزلەمەكچى بولدى، لېكىن دادىسىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈنلا مەتيانى ئۇ ـ چۇق قارىلىمىدى. ئۇ مەتيانى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن كۆپچە ـ لىكتىن مۇنۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدى:

— ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ بىر يىل قامىدى، ئۇرۇپ پۇتلە ـ رىنى چېقىۋەتتى، گۇناھى نېمىكەن؟ ناخشا ئېيتقان، ساز چالغان شۇنچە چوڭ گۇناھمىكەن؟

— ئاغزىمىزنى تىكىۋېتەيلى، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان ئۇسسۇلىمىزنىمۇ ئوينىغۇزمامدىكەن؟

كەنجى خىيالىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان مەتياغا قارىدى، مەتيا دولان ئۇسسۇلىنى تەرلەپ ـ پىشىپ، زوق بىلەن ئوينىماقتا ئىدى.

— بىر ـ ئىككى ـ ئۈچ ... ھە، مانا بۇ چېكىتمە[①]، ئۈچ ماڭدامدىن كېيىن بېقىشىمىز، دەسسە، ھە ! ... ئاۋۋال چېكىت ـ مىنى ... مانا سىزىپ قويدۇم، قېنى دەسسە، ۋۇي، سول پۇتنى ئاۋۋال ...

— مەن سەھنىگە چىقمىغاندىن كېيىن ئانچە ـ مۇنچىلا ئۆ ـ گىنىپ قويسام بولدى ! — دېدى كەنجى مەتيانىڭ قولىدىن قول ـ لىرىنى تارتىپ.

— نېمە دېدىڭ؟ سەن مەتيادىن ئۆگەنگىنىڭ، تېخى ئانچە ـ مۇنچىلا ئۆگىنىدىكەنسەن ! پالتاخۇن ئاكا پۈتۈن دولان بويىچە بىرىنچى ئۇسسۇلچى. داداڭغا يارىغۇدەك ئۆگەتمىسەم، قايسى يۈ ـ زۈم بىلەن ئۇنىڭغا قارايمەن. ئەكە پۇتۇڭنى، مۇنۇ سىزىلغان

坎吉从心眼里赞同民兵的话。因为由诚实和愚昧充斥全身心的他，所受的教育就是对旧的东西特别反感。这种反感甚至使他对那些穿长衫的人也报以粗野的咒骂。坎吉想讲几句，但是，出于对父亲的尊敬，他没正眼看麦提亚一眼。等把麦提亚抓走后，他听到大家在谈论：

“以反革命罪关了一年，腿也被打断了，有什么罪呀？唱歌、弹琴，有那么大的罪吗？”

“我们都把嘴缝起来，难道祖先们留下的舞也不能跳了吗？”

坎吉从回忆中醒过来，抬头看着正在跳舞的麦提亚，只见他汗流浃背，兴致勃勃地跳着刀浪舞。

“一、二、三……哎，这就是奇克提曼，走三步后要对视！先学奇克提曼……我划个线，来，出脚，先出左脚……”

“我又不上舞台，随便学一下就行了。”坎吉从麦提亚手中抽回自己的手说。

“你说什么？你跟麦提亚学还能随便学吗？帕里塔洪是全刀浪一流的舞蹈家。如果我教得不能使他满意，哪有脸见他。抬腿，在划线的地方跺脚！奇克提曼学一星期，赛乃姆学一个星

① چېكىتمە 奇克提曼。

يەرگەن دەسسە ! چېكىتمىنى بىر ھەپتە، سەنەمنى① بىر ھەپتە، سەنەقەسنى② بىر ھەپتە، سىيرىلمىنى③ ئون كۈن ئۆگەتتىمەن. بىر ئايدىن كېيىن تولۇق ئۇسسۇلچى بولۇپ چىقىسەن. پۇتۇڭ كەلمىدى، باشقىدىن دەسسە، ھە، ... غۇلىچىڭنى كەڭ كېرىگىن. كۆكرىكىڭنى ئالدىغا چىقار، ھەمراھىڭ بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ بېقىشىسەن...

ئۇ كەنجىنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭ-غۇزدى، تىزىنى ئەگدى، پېشانىسىدىن نوقۇدى ... كەنجىنىڭ پۇت-لىرى تالدى، پۇتۇن ئەزايى چىلىق - چىلىق تەرلىدى. ئۇ قاتتىق تەبىئەتلىك يىگىت بولغاچقا، چىشىنى - چىشىغا چىشلەپ، مەت-يانىڭ دېگىنىنى قىلىۋەردى ... تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا، مەتيا ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ:

— يالغۇزمۇ ئويناپ باقتىڭ، پۇتلىرىڭ خېلىلا كېلىپ قال-دى، لېكىن ھەرىكىتىڭ قوپالراق، نازۇك، سىلىق ھەرىكەت قىل؛ سەن ئۇسسۇلغا چۈشكەندە، پۇتۇن دولانلىق ھەيران قالىد-غان بولسۇن. كۆرگۈچىلەر: «پالتاخۇن ئۆلسىمۇ، ئۇسسۇلى ئۆل-مەيدىكەن④ !» دېيىشسۇن. مەن سېنى شۇنچىلىك ئوينىيالايدىغان قىلىپ چىقمىسام مەتيا بولمايمەن. ئەتىگەنلىككە يەنە مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىمىز، خەير ! — دېدى.

ئەتىگەنلىكى كەنجى ئىشتىھا بىلەن تاماق يېدى، بۇنى كۆرۈپ پالتاخۇن بىلەن ئاسخان بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەشتى.

## 5

تۇرمۇش ئاشۇنداق. خۇشاللىقى بىلەن خاپىچىلىقىنىڭ كەل-مىگىمۇ، كەتمىگىمۇ تۇيۇقسىز بولىدۇ.

ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىزلا ناخشا ئېيتقىنىنى ئاڭلىغان ئاسخان

期，赛乃喀斯学一星期，斯尔里曼学10天。这样一个月后你就能成为象样的舞蹈家。腿没迈开，重新跺脚，哎……两臂伸展，挺胸，对着舞伴微笑……”

他拉着坎吉的手转来转去，让他曲膝、也捣了他的额头……坎吉的腿困了，全身也出汗了。但他是一个硬气的小伙子，他咬紧牙关，按麦提亚说的做下去……天快亮了，麦提亚把手搭在他肩膀上说：“你也单个跳了一下，腿脚灵便多了，但动作还生硬，你要跳得灵巧、优美点儿；要跳得让全刀浪人都感到吃惊。要让观众们说：‘帕里塔洪的舞有传人了！’不把你教到这种水平，我就不是麦提亚，明天还在这儿见！”。

早饭坎吉吃得很香，看到这种情景，帕里塔洪和阿斯汗相视而笑了。

## 5

生活就是这样，愉快和烦恼总是来得突然去得也突然。

听到儿子突然唱起歌来，阿斯汗简直不敢相信自己的耳

① سەنەم 赛乃姆。

② سەنەقەس 赛乃喀斯。

③ سىرىلما 斯尔里曼，以上均为刀浪舞蹈的名字。

④ پالتاخون ئۆلسىمۇ، ئۇسسۇلى ئۆلمەيدىكەن 直译为“帕里塔洪即使死了，他的舞也死不了，”从上下文来看，译作“帕里塔洪的舞有传人了。”更确切点。

ھە دېگەندە ئۆز قولىقىغا ئىشەنمىدى. ئۇ چۆنەكلىك ئارىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ نېرىغا قارىدى. راستتىنلا ئوغلى كەنجى رەسىم سىزىدىغان جازىسىنى چىنار دەرىخىگە يۆلەپ قويۇپ، چالا سىزىلغان رەسىمگە قاراپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋېتىپتۇ. موماي بېشىنى ئىرغىتىپ، ئۆزىچىلا پىخىلداپ كۈلدى. لېكىن، ئوغلىنىڭ نېمىگە خۇشال بولغىنىنى بىلەلمىدى. تۈنۈگۈن، ئۇنىڭ سىزغان رەسىمىنى بېيجىڭغا تالالاپ ئېلىپ كېتىپتۇ، دېيىشىۋىدى، شۇنىڭ خۇشاللىقىمىدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ تەجرىبە ئېتىزىنىڭ بوغدىيىنىڭ موسىدىن سەككىز يۈز قىرىق جىڭدىن ھوسۇل چىقىپتۇ دېيىشىدى، شۇنىڭ مۇكاپاتىدىن خۇشالمىدۇ ـ يە ! بۇنداق ئىشلارغا خۇشال بولۇپ ناخشا ئېيتقان بولسا، ھەر يىلى مۇكاپاتلىنىدۇ، ھەر يىلى ماختىلىدۇ، شۇ چاغلاردا ناخشا ئېيتقان بولماسمىدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوغلى ناخشا ئېيتسىمۇ «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» ناخشىسىنى ياكى «ئىنتېرناتسىئونال»نى، ناھايىتى ئېچىلىپ كەتكەن① كۈنلىرى لى يۈيخېنىڭ② ناخشىلىرىنىلا ئېيتاتتى. بۈگۈنكىدەك دولان مۇقامىغا غىڭشىپ:

چىلاڭ توخۇم، چىلاڭ توخۇم،
يارىم ئويغانسۇن.
لەۋلىرىدىن چىشلىۋالاي،
چۆچۈپ ئويغانسۇن...

دەپ ناخشا ئېيتىپ باققان ئەمەس. بۈگۈن نېمە بولدى، ياكى تېگى يوق خىياللار بالىنى ئېلىپ قويمىغاندۇ؟...

ئاسىخاننىڭ بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بولدى. ئۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى: «ئالما قېقى، ئارچا ياغىچى، قوي يېغى بىلەن بۇي سىلىۋېتەيمۇ؟» دەپ پىچىرلىدى ئانا پەرىشان③ بولۇپ. ئانا ئورنىدىن تۇرۇشىغا، ئوغ-

朵。\;她从莱畦地里抬头朝那边望去。的确是她的儿子坎吉，正把画架靠在梧桐树上，看着没画完的画哼着歌。大娘点了点头，嘿嘿地笑了。但她不知道儿子为什么这样高兴。昨天听说他的画被选送到北京展出去了，是为这个高兴吗？或许是为他们的实验田小麦亩产达到840斤而受奖高兴吧？如果为这事高兴唱歌的话，那每年都受奖，受表扬，当时怎么没唱歌呢？儿子即使唱歌，也只是唱《三大纪律八项注意》或《国际歌》，特别高兴的时候，唱几句李玉和的选段。象今天这样哼唱刀浪木卡姆：

鸡打鸣啊鸡打鸣，
情人听见被吵醒。
我欲亲吻她的唇，
情人猛然被惊醒。

这种歌以前还从来没有唱过。今天怎么啦？该不是那些不着边际的幻想使他中邪了吧……

阿斯汗象当头浇了一桶凉水一样，霍地立起身来，自言自语道："我是不是要用果干、柏木、羊油点着熏一下驱邪呢""她

① ئېچىلىپ كېتىش 开心，舒心，高兴。
② لى يۈيخې 李玉和，京剧《红灯记》中的主人翁。
③ پەرشان بولماق 苦闷，闷闷不乐。

لى ئۆزىچىلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە پەلكۈچ تۇتقان قولىنى
ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، پۇتلىرىنى ئېگىشتۇرۇپ سەنەمگە دەسسىگىـ
لى، كۈلۈمسىرەپ چىنار دەرىخىگە بېقىپ، ئايلىنىپ ئۇسسۇل
ئوينىغىلى تۇردى. ئانا قورققىنىدىن ياقىسىنى تۇتۇپ، بىر نېمىـ
لەرنى پىچىرلاپ ئوقۇپ تۇردى. ئوغلى ئەمدى غولاچ تاشلاپ سەـ
نەقەسكە ئايلىناي دېۋىدى، بىردىنلا قوشنا باغدىن قىز بالىنىڭ
قاتتىق كۈلكىسى ئاڭلاندى. خۇددى چاتقاللىقتىن تۇيۇقسىز قاـ
قاقلاپ ئۇچقان قىرغاۋۇل مېكىيىنىنىڭ ئاۋازىدەك ئۇشتۇمتۇت
ۋە جاراڭلىق چىققان بۇ كۈلكە ئاۋازىدىن ئاسىخان ئاچا تېخىمۇ
چۆچۈدى ۋە بېشى ئايلىنىپ، ياش نەشپۈت كۆچىتىگە يۆلىنىپ
قالدى.

— شەيتان ! — دېدى كەنجى پىشقان ئاناردەك قىزىرىپ
چىت كەينىگە بوينىنى سوزۇپ قاراپ، لېكىن قىزنىڭ كۈلكىسى
بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتتى. ئاسىخانىنىڭ بايىلا قورقۇنچ بىـ
لەن تىترىگەن ۋۇجۇدى ئەمدى بىر خىل ھاياجان ۋە خۇشاللىق
لەززىتىدىن مەست بولۇپ ئاستا سىلكىندى: «بالامنىڭ تازا جۇۋېـ
تىدىنىڭ، ئاسىدە، — دېدى ئانا پىچىرلاپ، — كۆزۈم تەگمىسۇن[1]،
بالىلارنىڭ ئارىسىغا ئىسسىقچىلىق چۈشكەندەك تۇرىدۇ...» ئانا
ئوتاۋاتقان چۆنىكىنى تاشلاپ، ئۆز خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىش
ئۈچۈن قوشنىسىنىڭ — ئاسىدەنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ
يۈگۈردى...

ئارىدىن يەنە ئون كۈن ئۆتتى. ئاسىخان ئوغلىنىڭ كېچىدە
باغدا تۇرۇپ ئېيتقان ئۈنلۈك ناخشىسىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىنى
يېنىدىكى ھەمراھى پالتاخۇنغا پىچىرلاپ مەلۇم قىلدى:
— بالا ئاسىدەگە كۆز سېلىپ[2] يۈرىدۇ. قىزنى دەپ ناخشا
ئېيتىدىغان، ئۇسسۇل ئوينايدىغانمۇ بولۇپ قاپتۇ. قايسى كۈنى
ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ سۇغا كېتىپ بارىدۇ، ئىككى پۇتى بىلەن دوـ
لىسى ھەدەپ سەنەمگە قىمىرلاۋاتىدۇ...

心中闷闷不乐。这时儿子却哈哈笑了起来，握着画笔的手在空中挥舞着，他踩着赛乃姆的点子，笑望着柏树，转着跳起舞来。母亲惊恐地抓着衣领，口中念念有词地祈祷着，儿子伸展双臂正要跳赛乃喀斯，突然从邻居果园里传来姑娘的大笑声，好象从灌木丛中突然咯咯叫着飞出来的小山鸡的声音一样。这突然而响亮的笑声使阿斯汗吃了一惊，她感到头晕，靠在了一棵梨树上。

"魔鬼！"坎吉的脸象熟透了的石榴一样胀得通红，他伸长脖子向篱笆那边望去，但姑娘的笑声越来越远了。阿斯汗刚才那惊恐和颤抖的心，这会儿又沉醉在激动和欢愉之中。她身子微微一震，喃喃自语道："你跟我儿子很般配，阿瑟黛！别中邪了，孩子们中间好象热乎起来了……"母亲扔下锄着的田畦，为了表述自己的喜悦，朝邻居阿瑟黛母亲的家跑去……

又过了10天，阿斯汗听到儿子夜晚在果园里大声唱歌，就悄声把心中的喜悦告诉身边的老伴帕里塔洪：

"孩子看上了阿瑟黛，为了姑娘他又唱歌、又跳舞的。有一天用扁担去挑水，两只脚与肩膀和着赛乃姆的节拍，不停地跳着……"

① كۆزۈم تەگمىسۇن 迷信用语，"中邪"的意思。
② كۆز سالماق 看上，看中，瞧上。

— ۋېلىسىپىت ئۈستىدە تۈرۈپمۇ ئۇسسۇل ئوينايدىغان بو-لىدۇ تېخى، — دېدى پالتاخۇن، — دولان ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىش-كە ئىخلاس قىلىدىمۇ، بولدى، ئەمدى ئۇسسۇل، ناخشا دېسە پۈتۈن بەدىنى قىمىرلاپ كېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ تېخى...

— تۈزۈك گەپ قىلىسىلىيا !...

— ھېچبولمىسا① مىڭچىلىك خومارى بولسۇن، دولان ياشلىرى دولان ئۇسسۇلىنى بىلمىسە بىزگە ئازاب ...

ئۇ يەنە نېمىلەرنى دەر ئىدىكى، بىردىنلا باغدىن ناخشا ئاۋازى كەلدى:

يار كېلىپ گۈل دەستە تۇتسا،
تار كېلۇر دۇنيا ماڭا.
جان دىلىمدىن ئەتىۋاردۇر،
شۇ گۈلى رەنا ماڭا ...

— ھىم ! — دېدى پالتاخۇن ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۆلۈپ چىقىۋاتقان ئايغا قاراپ، — ئاسىخان، بالاڭنىڭ تويىغا قانچە ئۈستەڭلىك يەرنى ئېيتىمىز؟...

كۈنلەر يېزىغا باياشاتلىق، باغلارغا رەڭ، ئېتىزلارغا سوۋ-غات، ئادەملەرگە خۇشاللىق تەقدىم قىلىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ تېز ئۆتۈشتى. مەكتەپ ئېتىزلىرى كېۋەزدىن، ئاشلىقتىن؛ باغلىرى ئېسىل مېۋىلەردىن بېرىدىغان ئىنئاملىرىنى بېرىپ بولۇشتى. ئەمدى ئەزالار ئۈچۈن كۆڭۈللۈك تويلار، جۇشقۇن مەرىكىلەر مە-ئىشەت بىلەن تولغان داستىخانلىرىنى كەڭ ئاچماقتا ... ئۇسسۇل ۋە ناخشا پەسلى يېتىپ كەلدى.

— ئاسىخان، تەييارلان ! ئەيىب ئەمەس، ھېلىقى بىر ئاتنىڭ پۇلىغا ئالغان كۆمۈش چاتقاڭنى ئاس، ئەتە تويكەن !

“还骑着自行车跳哩！”帕里塔洪说，“刀浪舞要认真学才行，现在一提起歌舞他还全身都动哩……”

“你说点正经的！”

“起码也得象我这样有瘾，刀浪青年不会跳刀浪舞，对我们来说是一种灾难……”

他还想说点什么，忽然从果园里传来悠扬的歌声：

情人来送我一束花，
我觉得世界太小难放下；
对我娇艳妩媚的花儿哟，
比我的生命珍贵难买下。

“哼！”帕里塔洪望着白云中露出笑脸的月亮，说：“阿斯汗，你儿子的婚事，我们要请哪些人来呢？……”

日子过得真快！它给农村带来了富裕，给果园增添了色彩，给农田带来了礼品，给人们带来了欢乐。麦盖提的果园赏赐给人们累累的果实，田地盛产棉花和粮食。现在对农民们来说，欢乐的婚礼，喜庆的节日，摆满食品的餐布正在铺展……唱歌跳舞的季节来到了。

“阿斯汗，准备好！不会见怪的，把你那用一匹马的钱买来的银簪子戴上，明天参加婚宴！”

③ ھېچبولمىسا 无论怎样、至少，起码。

— كىمنىڭ تويىكەن شۇنچە؟

— چوڭ ئەترەتنىڭ ! — دېدى پالتاخۇن تەنتەنىلىك ۋارقىراپ، — بىزنىڭ چوڭ ئەترەت پاختا بىلەن ئاشلىق سېتىپ بېرىشتە ناھىيە بويىچە بىرىنچى بوپتۇ. نۇرغۇن مۇكاپات ئاپتىمىز. شۇنىڭ خۇشاللىقىغا چوڭ توي قىلغۇدەكمىز، مەشرەپكە پۈتۈن ناھىيىدىن ۋەكىللەر كېلەرمىش ! ...

— ئىسىت، كەنجىنىڭ يوقلۇقىنى، ئىسىت ! — دېدى ئانا ھەسرەت قىلىپ، — بار بولغان بولسا كۆكسى - قارنى① ئېچىلىپ قالار ئىدى ...

## 6

... لېكىن، بۇ چاغدا كەنجى مەھەللىدىن يىراقتا، دولان دەرياسىنىڭ بويىدا يېتىپ - قوپۇپ، يېڭى ئۆستەڭگە تاش ياتقۇزماقتا ئىدى. ئۇ زەربىدار گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولغاچقا، قول ئاستىدىكى يىگىرمە تۆت نەپەر يىگىتنىڭ ئىشىغىمۇ، تۇرمۇشىغىمۇ قارىشى لازىم ئىدى. ياشلار مەھەللىسىدىكى تويغا ئۈلگۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئامال - چارە ئىزدەپ، بىر - بىرى بىلەن تالاشماقتا② ئىدى.

— چالا قالغىنىنى تويدىن كېيىن پۈتتۈرۈۋېتىمىز ! — دېدى بىر يىگىت قولىدىكى تاشنى يەرگە تاشلاپ، — سەن كەنجى مەشرەپ دېسە بېشىڭ ئاغرىيدىغان ئادەم ! بىزنىڭ ھالىمىزغا نەدىن يېتەتتىڭ، سېنى گۇرۇپپا باشلىقى سايلاشتا مۇشۇ ئەيىبىڭ بىلەن ھېسابلاشماپتىمىز، ھېلىھەم بولسىمۇ، يولداشلار، مەن كەنجىنى گۇرۇپپا باشلىقلىقتىن ئېلىپ تاشلاشقا قول كۆتۈردمەن. شۇنداق قىلمىساق، بىز تويدىن قۇرۇق قالىمىز.

— ئالتە سائەت قاتتىق ئىشلىسەك ۋەزىپە تۈگەيدۇ، — دېدى يەنە بىر يىگىت ھېسابلاپ كۆرۈپ، — يەنە ئالتە سائەتتە بېيجىڭ

“谁的喜事?”

“大队的!”帕里塔洪郑重地叫喊着,“咱们队多售棉花和粮食,全县第一,得了很多奖。为了这件高兴事,咱们得举行大的庆典活动,听说全县的代表都来参加麦西莱甫!”

“遗憾,坎吉不在,真遗憾!”母亲惋惜地说:“他要在家,那该多高兴啊!”

## 6

……但是,此刻坎吉正在远离村子的刀浪河边,给新修的水渠铺石头呢。他是突击组组长,对手下24个小伙子的劳动生活都得关照。小伙子们为了赶上村子里的喜庆活动,想方设法,争先恐后地干着。

“剩下的活等参加完麦西莱甫后再干吧!”一个小伙子把手中的石头扔到地上说,“你坎吉是一提麦西莱甫就头疼的人。我们的心情你怎能理解呢!大伙选你当组长时,没考虑到这些。即使现在,同志们,我提议免去坎吉的组长,不然我们就赶不上麦西莱甫了。”

“再大干六小时就能完成任务。”另一个小伙子计算着说,

① كۆكسى - قارنى 胸怀,胸襟,心胸。

② بىر - بىرى بىلەن تالاشماق 争先恐后。

ۋاقتى كەچ سائەت توققۇز بولىدىكەن. سائەت توققۇزدا يولغا چىقساق، قىرىق يەتتە كىلومېتىر يولنى...

— پىيادە ماڭساق ئون سائەتتە بېسىپ بولىمىز، ئۇ چاغدا تويدىن كېيىن ناغرا[1]، قېتىق[2] تۇگىگەندە زاغرا[3] دېگەندەك بىر ئىش بولىدۇ...

— قول تراكتورى بولسىدى، سائەت ئون بىردە يېتىپ بارساقمۇ، ئاخىرقى ئۇسسۇلغا بولسىمۇ ئۈلگۈرەتتۇق...

— نېمىلا بولسۇن، ۋەزىپىنى تۈگەتمەي قايتمايمىز، — دېدى ئاخىر كەنجى ئىشتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بىزگە، ئۆگۈنلۈككە توي بولىدۇ، دەپ ئىككى كۈن بۇرۇن ئۇقتۇرغان، چوڭ ئەترەتتە جاۋابكارلىق يوق. ئۆزىمىز ئۈلگۈرەلمىدۇق!

— ئۆزىمىز دەيسەنغۇ، كەنجى؟ — دېدى كەنجىنى گۇرۇپپا باشلىقلىقتىن ئېلىۋېتىشكە قول كۆتۈرمەن دېگەن ھېلىقى يىگىت خاپا بولۇپ، — توشۇغۇچىلار تاشنى ئۈلگۈرەلمىدى، بولمىسا، بۈگۈن ئەتىگەن تۈگەيتتى، شۇلار تويغا دەخلى قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، چالىسىنى شۇلار تۈگەتسۇن، مەن شۇ تاپتا ماڭىمەن، ۋېلىسىپىت بىلەن ئۈچ سائەت چاپسام تويغا ئۈلگۈرۈپ بارىمەن!

ھېلىقى يىگىت قىرغاققا چىقتى.

— ۋېلىسىپىتى بارلار ماڭايلى! — دەپ يەنە بىر يىگىت قىرغاققا چىقتى.

— سەن كەنجى بىزدىن رەنجىمە[4]، — دېدى ھېلىقى يىگىت ۋارقىراپ تۇرۇپ، — شۇنداق چوڭ تويدا بىر ئۇسسۇلغا چۈشۈۋالمىساق، بۇنداق تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى[5] قالىدۇ. سېنىڭدىن باشقا قالغان يىگىرمە ئۈچىمىزنىڭ ئايالىمىز بار، يىگىرمە ئۈچ چوكاننىڭ كۆزى مۇشۇ ياقتا تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىگە، مەھەللىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇسسۇلچى يىگىتلىرى بىز

“再有六小时就是北京时间晚上九点，九点钟我们出发走上47公里路……”

“步行要走10个小时，到那时鼓和酸奶子早没了，只剩下包谷馕了……”

“要是有手扶拖拉机的话，11点钟就能赶到，还可以赶上跳最后一圈舞……”

“不管怎样，完不成任务不能回家。”坎吉抬起头，说：“后天过节，这在两天前就通知了，大队没有责任，是我们自己没有赶上！”

“你说怪我们自己吗？坎吉。”那个提议罢免坎吉组长的小伙子生气地说，“运石料的人没按时运到，不然今天早上就干完了。是他们耽误了我们参加麦西莱甫，所以剩下的活让他们来干。我这会儿就走，骑自行车三个小时就能赶到。”

那个小伙子走上河岸。

“有自行车的都走喽！”另一个小伙子在岸上大声喊。

“你坎吉别生我们的气。”那个小伙子大叫着，说，“这么大的晚会，跳舞没我们的份，这种生活有什么乐趣！除了你，我们23个人都有媳妇，23个媳妇的眼睛也都眼巴巴地望着这边，再说村子里能看上眼的会跳舞的小伙子也就是我们了，怎能为点

① ناغرا 鼓。
② قېتىق 酸奶子。
③ زاغرا 包谷馕，用玉米烤制的食品。
④ بىزدىن رەنجىمە 别生我们的气。
⑤ لەززەت 乐趣，趣味。

تۇرساق، كىچىككىنە ئىشنى دەپ قانداقمۇ چوڭ تويغا سوغۇقچىلىق سالغىلى بولسۇن. ماڭايلى، ھەممىمىز ماڭايلى، تۇگىندى، دەپ بارايلى، چالىسىنى ئەتىلىككە چۈشتىن كېيىن تۈگىتىۋېتىمىز!

شۇ چاغدا، قاتناش گۇرۇپپىسىدىكى يىگىتلەر ئېشەك، كالىلىرىنى قامچىلاپ، توپا ـ چاڭ توزىتىپ① مېڭىشتى، ئۇلارنىڭ مەسئۇلى بولغان مۆمىنجان ۋېلىسىپىتتە سىڭايان ئولتۇرۇۋېلىپ:

— كەتتۇق، ھەي تاشچىلار، ئايالىڭلار بىز بىلەن ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولدى، رەنجىمەڭلار ئەمىسە ـ ھە! — دەپ قويۇپ چاڭ توزىتىپ چىقىپ كەتتى.

— توختاش، ئۇلۇمتوكلەر! — دەپ ۋارقىرىدى بايىقى يىگىت غەزەپ بىلەن، — سەنلەر تاشنى ئۇلگۇرتمەي، بىزنى تۇنۇگۇن يېرىم كۈن بىكار قىلىپ قويدۇڭ، شۇنىڭ كېسىرى...

لېكىن ئۇلاردىن بىرىمۇ قايرىلىپ قويمىدى، تاشچىلار مۆمىنجاننىڭ گېپى بىلەن خېلىلا غۇدۇرىدى. ئۇنغا يېقىن يىگىت، چالىسىنى كېيىن ئىشلەيمىز، دەپ، ۋېلىسىپىتلىرىگە يۇگۇرۇشتى. كەنجىنىڭمۇ ۋېلىسىپىتى بار، ئۇنىڭمۇ كەتكۈسى بار، لېكىن يالغاندىن تۇگەتتۇق دەپ بېرىشقا ئۇ ئادەتلەنمىگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە، چوڭ ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ يۇزىگە قاراشمۇ بىر گەپ. قۇ. لېكىن، بارمىسا مۆمىنجان بۇگۈن ئاسىدەنى جەزمەن ئۇسسۇلغا تارتىدۇ. بىر يېرىم ئايدىن بېرى ئاسىدەنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىش ئۇچۇن ئۇگەنگەن ئۇسۇللىرىنى ئەمدى قاچان ئوينايدۇ! مەتيا ئۇنى ھازىر تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندۇ.

يىگىتلەرنىڭ بىر قىسمى مېڭىشقا تەييارلاندى، بىر قىسمى كەنجىنىڭ ئاغزىغا قاراپ② تۇرىدۇ، كەنجى كۆپچىلىككە قارىدى:

— يولداشلار، مېنىڭمۇ ئۇتتەك بارغۇم بار، — دىدى ئۇ، —

小事而冷落了这么大的晚会呢，走，我们都走。就说完工了，剩下的活明天下午干完。”

这时，运输组的小伙子们抽打着毛驴、牛，尘土飞扬地走着。他们的负责人莫敏江歪骑在自行车上说：

“我们走了，喂，石匠们，回去我们找你们的老婆跳舞，可别生气啊！”他蹬上自行车，一溜烟地飞驰而去。”

“站住，死鬼们！”刚才那个小伙子气愤地喊道，“你们运不来石头，让我们昨天窝了半天工，你们还……”

但是他们一个也没留下，石匠们对莫敏江的话大为不满，又有十来个小伙子一边说剩下的活以后再干吧，一边骑上自行车走了。坎吉也有自行车，他也想走，但说假话，虚报完工，他还没这个习惯。再说，他也不好向大队领导交代。但如果不走，今晚莫敏江肯定要邀请阿瑟黛跳舞。一个半月来，为了阿瑟黛学会的舞蹈，要到何时才跳呢？此刻，麦提亚一定也在焦急地等着他呢。

一部分小伙子做好了走的准备，还有一部分人等着坎吉表态，坎吉看着大家说：

“同志们，我也迫切地想回去，但是大家再干六小时就能完

① توپا - چاڭ توزىتىش 使尘土飞扬。

② ئاغزىغا قاراش 直译为“看他的嘴”或“看他说什么”，从上下文来看，可译作“等他表态”。

لېكىن، يولداشلار، يەنە ئالتە سائەت جىددىي ئىشلىسەك ئىش تۈگەيدىكەن، لېكىن بىز ئىشنى تۈگىتىپ يېتىپ بارغۇچە توي تارايدىكەنۇ... مەن يالغان ئېيتالمايمەن؛ ۋەزىپىنى تۈگەتمەي قايتمايمىز ! كېتىمەن دېگۈچىلەرنى توساشقا ئاجىزمەن.

ئۇ، گەپ تۈگىدى، دەپ، ئۆز ئىشىغا مېڭىشقا ئېگىلىشتى، قىرغاقتىكىلەردىن بىرنەچچىسى قايتىپ چۈشتى، لېكىن يەنە بىر نەچچىسى بولسا مۆمىنجان كەتكەن تەرەپكە قاراپ ۋېلىسىپىتلىرىنى غۇيۇلدىتىپ قويۇۋەتتى.

## 7

كوممۇنا ئىدارىسىنىڭ يېنىدىكى تېرەكلىك مەيدان كۈندۈزدەك يورۇغان. ۋاسكېتبول گارىغا ۋە دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا ئىلىپ قويۇلغان لامپۇچكىلارنى پەرۋانىلەر① ئايلانماقتا، لامپۇچكا يورۇقىدا نۇرلانغان چىرايلاردىن كۈلكە ۋە شادلىق ياغماقتا. بالىلار ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشمەكتە، چىرايلىق يەكتەك ۋە چاپانلىرىنى كىيىشكەن قىرلار بىر - بىرى بىلەن قىزغىن ۋە تەنتەنىلىك كۆرۈشمەكتە، ئالا - يېشىل كىيىشكەن ئايالالار، قىزلار ئۆز توپلىرى بىلەن② مەيدان تەرەپكە ئالدىراپ مېڭىشماقتا.

— راستتىنلا چاتقا سېلىنۋاپلا ! — دېدى ئاسىخاننىڭ قوشنىسى، يەنى ئاسىدەننىڭ ئانىسى ئاسىخاننىڭ جاراڭلاپ تۇرغان كۈمۈش چاتقىسىنى شەرەت قىلىپ.

— ئاسىمىسام ئۇ كىشى خاپا بولغۇدەك ! — دېدى ئاسىخان، — ئۇ كىشىنىڭ زورى بىلەن ئىلىنۋالدىم.

— ئۇسسۇلغا چۈشەملا؟

— پالتاخۇن چۈشۈرمەي قويارمۇ؟ — دېدى ئاسىخان قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — قايسى بىر مەشرەپتە ئۇ مېنى تارتمىغان.

工。但如果等我们干完再回去,晚会也就散了……我不能说假话。我的意见。完不成任务不能回去!硬要回去的人,我也不阻拦。”

他说完就自个朝工地走去。渠边的人有几个也跟着他走了,但还有几个却骑上自行车朝莫敏江走的方向急驰而去。

## 7

公社机关旁边的杨树环绕的广场象白昼一样,灯火通明。在篮球架和树枝上挂着的灯泡周围,有许多蛾子在飞旋,灯光照耀着一张张欢快的笑脸。孩子们跑来跑去,身着漂亮的对襟长衫和袷袢的老人们相互问候着,穿着花花绿绿的媳妇们和姑娘们,各自结伴朝广场快步走去。

“真的戴上簪子啦!”阿斯汗的邻居,也就是阿瑟黛的母亲指着阿斯汗带响的银簪子说。

“我不戴,那口子要生气的。”阿斯汗说,“是那口子逼着我戴的。”

“你跳舞吗?”

“不跳舞,帕里塔洪能答应吗?”阿斯汗蹙着眉头说,“哪次麦西莱甫他不拉我跳舞。”

① پەرۋانە 蛾子,飞蛾。
② ئۆز توپلىرى بىلەن 结伴。

— مەنمۇ چۈشمەن، چۈشمىسەم قىزلىرىم قويمايدۇ...

شۇ چاغدا چاچلىرىنى ئۈششاق ئۆرۈگەن، ئەتلەس[1] كۆڭلەك كىيىپ، چاچلىرىغا گۈللەرنى قىسقان ئاسىدە ئۇلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، ئۇلارنىڭ قولىدىن تارتىپ:

— بولۇڭلار، قىرىلارغا گىلەم، يېكەندازلار سېلىنىدى. سىدىلەرنى جايلاشتۇرۇپ قوياي، — دەپ ئالدىراتتى. ئاسخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى[2] ـ دە:

— ئىسىت بالام، كەنجاخۇننىڭ يوقلۇقى، بار بولسا، كۆڭلۇم توق[3] بولار ئىدى...

— ۋاي قوشنا، ئوغۇللىرى[4] بولغان بىلەنمۇ بۇنداق مەشرەپلەردىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، كۆڭۈللىرى يېرىم بولمىسۇن، پالتاخۇن ئوغۇللىرىنىڭ يوقلۇقىنى ھېلىلا ئۇنتۇلدۇردۇ، كۆردىلىمۇ، ئەنە، ساز چېلىنماي تۇرۇپلا سەنەمگە دەسسىگىلى تۇرۇپتۇ.

— سورەتكە ئېلىۋاتىدۇ! — دېيىشىپ بالىلار پالتاخۇن تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. پالتاخۇن ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ[5] ئوينىماقتا، راستتىنلا ئۇنى بىرلىرى سورەتكە ئالماقتا ئىدى. ئاسىخانلار گىلەم ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى، مەيدان ئادەمگە لىق تولغان، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلگە مېۋىلەر، قوغۇنلار تىزىلغان ... لېكىن مەشرەپ تېخى باشلانمىغانىدى، ئاسخان كەينىدە ئۆرە تۇرغانلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى:

— نېمىشقا باشلىمايدىغاندۇ؟

— مەتيا راۋابقا قاراپ تۇرۇپتىمىش[6].

— ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟

— ئۈستەڭگە تاش ياتقۇزۇۋاتقان ياشلارغا ماشىنا ئېلىپ كېتىپتۇ.

“我也跳，不然，女儿们不会放过我的……”

这时，头上扎着小辫，穿着艾特莱丝裙子，头上别着花的阿瑟黛跑到她们面前，拉着她们的手说：

“快走，给老人们坐的地毯和长坐垫已经铺好了。我来给你们安顿一下。”阿斯汗深深叹了一口气，说：

“可惜啊，孩子，坎吉不在，如果他在的话，我的心里就踏实了……”

“喂，邻居，即使您儿子在，这样的麦西莱甫他也会躲掉的。您别难过，帕里塔洪一会就会让你忘了儿子的不在！你看见了吧，那不是吗，没有音乐他已经开始跳起赛乃姆来了。”

“在照像！”孩子们说着朝帕里塔洪方向涌去，帕里塔洪正跳在兴头上，真的有个人在给他照像。阿斯汗他们跪坐在地毯上，广场上挤满了人，客人们前面的桌子上摆满了水果、甜瓜…但麦西莱甫还没开始，阿斯汗听到后面站着的人在议论：

“怎么还不开始？”

“听说在等麦提亚热瓦甫。”

“他到哪去啦？”

“到水渠上接铺石头的青年人去啦！”

① ئەتلەس 艾特莱丝，维吾尔族妇女喜爱的用来做连衣裙的一种花绸。
② ئۇلۇغ - كىچىك تىنىش 长吁短叹。
③ كۆڭلۈم توق 我心里踏实。
④ ئوغۇللىرى 您的儿子，这里的“لىرى -”表示敬称，是名词第二人称词尾，译为“您的”。
⑤ ئىچىلىپ - يېيىلىپ 无拘无束地，随便地，愉快地。
⑥ تۇرۇپتىمىش 此处的词尾“ئىمىش -”表示“听说”的意思，用以转述别人的话。

— ئەجەب ئادەم ـ دە ! ئەمگەك دېسە، بۇرۇن بېشى قاتاتتى، بىر يىل بولدى، ئېغىر ئەمگەك قىلغانلار بىلەن دائىم بىللە ...

ئاسخان بىردىنلا خۇشال بولۇپ، ئاسىدەنىڭ ئانىسىنىڭ بىرقىنىنى نوقۇدى:

— قوشنا، كۆرۈپ تۇرسىلا، مېنىڭ كەنجاخۇن بالام بوگۇن قىزلىرىنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ !

— سىلىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قولىدىن شۇ ئىش كەلسە، ئىگەكىم بار، ئاسىدەنى ئوغۇللىرىغا ئەتىلا ئۇنۇتىمەن ... ھا ـ ھا ـ ھا...

*        *        *

بۇ چاغدا كەنجىنىڭ ئىشىمۇ تۇگىگەن، ئۇ يىراقتا قالغان مەھەللىسىگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، كەچكىچە ئىشلەپ ھارغىنىغا قارىماي، بۇ چۆلدە قالغان ئون نەچچە يىگىتنىڭ ئۆيـقۇسى كەلمەيتتى. ئۇلار مەيۈسلەنگەن، روھسىزلانغان، بىر ـ بىرى بىلەن گەپ قىلىشقىمۇ رايى بارمايتتى.

— ماشىنىلاشقان بولساقمۇ، ماشىنىدا بىر سائەتتە يېتىپ بارار ئىدۇق. ھەي بىزنىڭ قالاقلىقىمىز...

— ماشىنىلاشقان بولساق، دومچىيىپ قول بىلەن تاش تىزىشتىنمۇ، گۈرجەك بىلەن ئۆستەڭ كولاشتىنمۇ قۇتۇلاتتۇق... ھەي...

— مەن يوق، ئايالىم جەزمەن يىغلىدى جۇمۇكلار، مەن بولمىسام، ئۇ ئۇسسۇل ئوينىمايدۇ، ئۇسسۇل ئوينىمىسا، ھۆكرەپ يىغلايدۇ ...

— دەردمەن مەشرىپىدە تېپىشقان دەۋاتاتىنىڭ، ئەجەب قالتىسكىنا !...

“真是个怪人！以前一提劳动他就头痛，现在一年了，他经常和干重活的人在一起……”

阿斯汗一下子兴奋起来，她捅了一下阿瑟黛的母亲，说：

“邻居，你瞧吧！我的孩子坎吉今天要请你的女儿跳舞！”

“要是你儿子会跳舞的话，明天我就让阿瑟黛同意嫁给你儿子……哈哈哈…”

* * *

这时，坎吉的事也完了，他望着远方的村子，思绪万千。这十几个干了一天也不知劳累的小伙子毫无睡意。他们留在戈壁滩上，垂头丧气，无精打采，谁也没有说话的心思。

“我们要有机械化就好了，坐汽车一个小时就能赶回去。唉，太落后了……”

“如果有机械化，我们也就不用弯着腰用手砌石头，用铁锨挖水渠了。唉……”

“我不在，我爱人会哭鼻子的，我不在她不跳舞，不跳舞她会嚎啕大哭的。”

“苦命在麦西莱甫上找对象，你真行！”

— بىر كەنجىنىڭ يول قارايدىغان ئادىمى[1] يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەشرەپ بىلەنمۇ خۇشى يوق، ئارىمىزدا كۆڭلى يېرىم بولمىغان بىرلا ئادەم بار ئىكەن جۇمۇڭلار... — كەنجىنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى يوق. راستتىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۆڭلى ھەممىدىن يېرىم، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت ئىچىدە يانماقتا، ئۇ خۇددى گۇناھسىز تۈرمىگە كىرىپ قالغان ئادەمدەك تىت - تىت بولماقتا... ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەھەللىسى تەرەپكە قارىدى. شۇ ياقتىن بىر دەرەخنىڭ قارىسى بولسىمۇ كۆرۈنسىدى كاشكى... شۇ تاپتا مەشرەپ باشلاندى، ئەنە، مۆمىنجان پار - پۇر ياسىنىپ[2] ئاسىدەنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى، ئەنە، ئۇلار بېقىشىپ ئوينىدى، ئەنە سەنەمگە چۈشتى، ئاسىدەنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى ھەتتا مۆمىنجاننىڭ يۈزلىرىگە تەگدى ... كەنجى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى... ئۇ خۇددى ھەرە چېقىۋالغان توپاقتەك[3] تېپىرلىدى...

— ماشىنا - ماشىنا ! — بىرى ۋارقىرىدى، كەينىدىن كۆپچىلىك ۋارقىرىدى...

— ماشىنا، بىزنى ئېلىپ كەتكىلى ماشىنا كەلدى ! — ھەممەيلەن شۇ ياققا يۈگۈرۈشتى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەنجىمۇ بار كۈچى بىلەن[4] يۈگۈردى...

— چىقىڭلار، تېز چىقىڭلار، ماشىنىغا ! — دەپ ۋارقىرىدى مەتيا بېشىنى كابىنكىدىن چىقىرىپ، — سىلەرنى ھەممە ئادەم ئۇنتۇسىمۇ، مەن ئۇنتۇمايمەن. نېمىشقا دەمسىلەر، ھەممىڭلار ئۇسسۇل دېسە جان بېرىدىغانلار، بۇنداقلارنى قاتناشتۇرماي ئۆتكۈزگەن مەشرەپ تۇز سالمىغان كۆجىدەك بەتتەم بولىدۇ. مەتيانى بىلمەمسىلەر تېخى؟ مەن ھازىر ئاق نانچى مەتيا ئەمەس، ئەمگەكچى مەتيا. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەشرەپنىڭ مېغىزىنى[5] ئېغىر ئىش قىلغانلار چاقسۇن، دەپ، ماشىنا ئېلىپ كەلدىم.

“只有坎吉没有牵挂，再加上他对麦西莱甫毫无兴趣。咱们中间只有他一个人不着急……”这些话，坎吉一点也不想听。说真的，他的心里比谁都着急，他的全身都好像在火上燃烧，就像一个无罪的人被关进监牢里一样着急……他站起身朝村子的方向望去，好像看到了一棵大树的荫影……这时麦西莱甫已经开始，莫敏江穿着华丽，正朝阿瑟黛跑去。只见他俩翩翩起舞跳起了赛乃姆，阿瑟黛的长发甚至都撒在了莫敏江的脸上……坎吉一下子跳起来……犹如一头被马蜂螫了的牛犊一样急得乱跺脚……

“汽车，汽车！”一个人先喊起来，大家也跟着喊了起来。

“汽车，汽车来接我们了！”大家朝汽车来的地方跑去，坎吉也全力跟着跑去。

“上车，快上车！”麦提亚从驾驶室里伸出头来说：“即使所有的人把你们忘了，我也忘不了。你们说为啥，因为你们都是些跳起舞来不要命的人。没有你们参加，麦西莱甫就象没放盐的苦几饭一样乏味。你们还不知道我麦提亚吗？我现在不是寄生虫麦提亚，而是劳动者麦提亚。麦西莱甫的甜头应该让干重活的人来尝，所以，我开汽车接你们来了。

① يولىغا قارايدىغان ئادىمى يوق 牵挂的人。
② پار - پۇر ياسىنىش 穿着华丽。
③ توپاق 两岁半公犊。
④ بار كۈچ بىلەن 全力，尽一切力量。
⑤ مېغىز چاقماق 尝到甜头。

*　　　*　　　*

ئاسىخاننىڭ يەنە ئۇمىدى ئۈزۈلدى. قارا تەلپەك كىيگەن بىرى مۇقامنى باشلىۋەتتى. لاۋادا ئۈننىڭ ناھىيىدىن كەلگەن، مۇقامچى ئىكەنلىكى بايا ئېيتىلغانىدى. مانا ئەمدى مۇقام تۈگەپ، قالۇن، غېجەك، دولان راۋابلىرىدىن چىققان يېقىملىق ساز كىشىلەرنى ئۇسسۇلغا چىللىماقتا، ئەنە بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا پالتاخۇن چۈشتى. ئاسىخان ئۈنى ئىچىدە كايىدى: «ئوغلى چۆللەردە بويىنىنى قىسىپ يۈرسىمۇ خۇشال بولۇۋېرىدىكىنا. مېنى ئۇسسۇلغا تارتىپ كۆرسىنا قېنى ... »

لېكىن ئاسىخاننىڭ كايىشلىرى بىكار بولدى. پالتاخۇن ھەييارلىق بىلەن ئايلىنىپ كېلىپ، ئاسىخاننىڭ ئالدىدا بىر تىزىنى پۈكۈپ تەكلىپ قىلىۋىدى، ئاسىخان يېڭى تويى بولغاندەك خۇش بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، كەڭ ئەتلەس كۆڭلىكىنى يەلپۈتۈپ، بوۋايغا بېقىپ ئۇسسۇل ئوينىدى. موماي كىملەر بىزگە زەن قويۇۋاتىدىكىن، دەپ قارىۋىدى، مەيدان ئۇسسۇلچىلار بىلەن تولۇپتۇ. بوۋاي، مومايلار، قىز ـ يىگىتلەر، باللارمۇ جۈپ ـ جۈپى بىلەن[1] ئويناۋېتىپتۇ. سەنەقەسكە ئايلانغاندا، پۈتۈن مەيدان ئۇسسۇلچىلار چەمبىرىكى بىلەن لىق بولدى. سىيرىلمىغا چۈشكەندىلا، ئاسىخان بوۋايغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

خۇشاللىق ئورنىغا ئاسىخاننىڭ كۆڭلى غەش بولدى. سەۋەبى، شۇنداق چوڭ سورۇندا ئوغلى كەنجى يوق ئىدى.

**8**

ئاسىخان لاۋادىن تۇيۇقسىزلا مەتياننىڭ تونۇش ئاۋازىنى

*　　*　　*

阿斯汗又失望了。一个戴黑帽子的人奏起了木卡姆，广播上说他是县上来的木卡姆歌手。木卡姆曲终后，在卡伦、艾介克和多浪热瓦甫亲切的乐曲中，人们翩翩起舞，第一个步入舞场的当然是帕里塔洪。阿斯汗心里责怪道："儿子在戈壁滩上受罪，而你却跳得那么开心，看你敢请我跳舞……"

但是，阿斯汗的责怪没起任何作用。帕里塔洪滑稽地跳着，转了一圈来到阿斯汗面前，单腿屈膝，请她跳舞。阿斯汗像新婚一样，高兴地站起来，展开宽大的艾特莱丝裙，和老头子对舞起来。阿斯汗想知道有谁看自己，向四周看了一眼，广场挤满了跳舞的人。老大爷，老大娘，姑娘、小伙，就连孩子们也成双成对跳起来。当跳到赛乃喀斯时，所有跳舞的人围成了一个圆圈。一跳赛尔里曼，阿斯汗就朝老头子笑了笑，退出了舞场。

兴奋之余，阿斯汗的心情有些沉闷，因为这样的场面里，没有他的儿子坎吉。

## 8

阿斯汗突然从广播里听到了麦提亚熟悉的声音，他正唱着

① جۈپ - جۈپى بىلەن 成双成对地。

ئاڭلاپ قالدى. مەتيا جۇلا مۇقامىغا تولۇق ماقتا ئىدى. مۇقام تو-گۇشىگىلا، مەيداندا چىرايلىق كىيىنگەن بىر يىگىت پەيدا بول-دى. يىگىت ئالدىراپ بېرىپ، ئۇچۇشقا تەمشەلگەن② قارلىغاچ-تەك تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئاسىدەنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلدى. قىز ھەيران بولۇپ، كەينىگە داجىدى. مەيداندا كۈلكە كۆتۈرۈل-دى. مەتيا ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ ناخشا ئېيتتى:

ئالمىنىڭ تاياقىمۇ،
بېھىنىڭ تاياقىمۇ.
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ،
يارنىڭ ئىشتىياقىمۇ؟...

ئاسىخان كۆرۈپ تۇردى، ئاسىخانلا ئەمەس، پۈتۈن مەيداندى-كىلەر كۆرۈپ تۇردى. ئاسىدە ئانار دەك قىزاردى، ئالىقانلىرى بى-لەن يۈزىنى ياپتى - دە، بىر دىنلا يېنىك ھەرىكەت قىلىپ مەيدان-غا چۈشتى. يىگىت ھازىرغىچە ئەرلەر ئىچىدە كۆرۈلمىگەن بىر خىل نازۇك ۋە چىرايلىق ھەرىكەت بىلەن چېكىتمىگە دەسسە-مەكتە. ئاسىدە — يۇرتنىڭ ئەڭ داڭلىق ئۇسسۇلچى قىزىمۇ يى-گىتنىڭ نەپىس ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ، ئاددىي شەكىللەرنى-مۇ ئەۋرىشىم، نازۇك قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ، ئىك-كى ياش ھەر قېتىم بېقىشقاندا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن زوقلىنىش ۋە تەشنالىق ئوتلىرى ئۇچقۇنداپ چىققاندەك بىلىنەتتى.

— ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ، — دەپ ياقىسىنى تۇتتى ئاسى-دەنىڭ ئاپىسى ئاسىخانغا قاراپ، — شۇنچە ھۈنەر ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىگە قانداقمۇ سىغقاندۇ② ؟...

— ئوغلۇم، — دېدى ئاسىخان ئورنىدىن تۇرۇپ ھاياجان بى-لەن، — كۆرۈۋال، ئاسىدەنى قانغۇچە كۆرۈۋال...

居拉木卡姆。木卡姆一唱完，舞场上就出现了一个穿着漂亮的小伙子。小伙子象刚学飞的小燕子一样急不可待地跑到阿瑟黛面前，姑娘吃惊地向后躲去。舞场上笑声哄起。麦提亚高声唱了起来：

是苹果树呃，
还有木瓜树；
什么事也不想干，
这是因为情人的爱恋。

阿斯汗在看着。不仅是阿斯汗，全场的人都看着。阿瑟黛的脸涨得象石榴一样通红。她用手遮住脸，踏着轻盈的舞步进入舞场。小伙子则用一种至今在男人间还没见过的优美精巧的动作踏着节拍跳起来。阿瑟黛是乡里跳舞最好的姑娘，伴着小伙子优美的舞姿协调地对舞着，简单的动作也显得柔韧灵巧。尤其当俩人对跳的时候，他们的眼中闪烁着爱恋和渴望的火花。

“瞧.神了！”阿瑟黛的母亲揪着衣领，看着阿斯汗说：“你儿子的本事是怎么藏起来的，竟没人知道？”

“儿子”阿斯汗激动地站了起来“你看吧，把阿瑟黛看个够……”

① تەمشەلمەك 刚要……，方要……。
② ئىچىگە سىغماق 藏起来。

— قوپسىلا، ئاسىخان ! — دېدى پالتاخۇنمۇ ھاياجان بىلەن تەزىم قىلىپ، — ئۆمرۈمدە بۇگۈنكىدەك كۆڭۈللۈك مەشرەپ كۆرمەپتىكەنمەن، قارا، كەنجىمىزنىڭ پۇت - قوللىرىنى ئېلىشى دادىسىنى ئېمىدېگەن دورىغان...

ئۇلار ئوغلىنى چۆرىدەپ چېكىتمىگە دەسسىدى، لېكىن كەنجىنىڭ ئۇلارغا قارارغا كۆزى يوق[1] ئىدى. كەنجى ئۇلاردىن بەك ھاياجانلانغانىدى. ھەر قېتىم ئايلىنىپ كېلىپ قىزغا قارىغاندا، قىزنىڭ زىلۋا، تال چىۋىقتەك[2] ئەۋرىشىم بەللىرى، ئويناق[3] قارا كۆزلىرى، يىمىرىلگەن ئوماق لەۋلىرى ... ئەتلەس كۆڭلەكتىن سەل بىلىنىپ تۇرغان كۆكسىنىڭ ھەر قېتىم بېقىشقاندا كۆتۈرۈلۈشى بۆلەكچىلا گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىدى. ئاسىدەنى خىيال قىلىدىغان بولغىنىدىن بېرى بىرمۇ قېتىم قىزنى مۇشۇنچىلىك گۈزەل قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باققان ئەمەس ئىدى. ئالدىدا بېقىشىپ ئويناۋاتقان قىز قوشنىسىنىڭ قىزى ئاسىدە بولماستىن، بەلكى چۆچەكلەردىكى مەشۇقلاردەك[4]، باتۇرلارنى جېنىدىن كېچىشكە مەجبۇر قىلغان لىۋەن، دورانالاردەك بىلىنىشكە باشلىدى. قىزنى شۇنچە قانغۇچە كۆرۈۋېلىشقا پۇرسەت بەرگەن دولان ئۇسسۇلىغا ئىچ - ئىچىدىن رەھمەت ئېيتتى. قىزنى شۇنچە گۈزەل قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئۇسسۇللارنىڭ ئىجادچىسى بولغان ئەجدادلىرىغا بىردىنلا ھۆرمىتى ئاشتى[5]. ئاسىدەنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان ئۇسسۇل ئەلۋەتتە كەنجىنىمۇ باشقىلارغا شۇنداق چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدىغاندۇ. يۈزلىگەن دىللار شۇ تاپتا زوق ۋە ھەۋەس ئىلكىدە مەست بولۇپ، بۇ بىر جۈپ ياشقا قاراۋاتىدىغاندۇ... كەنجى سەنەمگە كۆچكەندىن كېيىن تېخىمۇ راھەتلەندى، قىزنىڭ ئۇششاق چاچلىرى ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا، يەلكىلىرىگە كېلىپ تەگدى. ئۇلار ئايلانغاندا دوللىرى بىر - بىرىگە سۈركەلدى. بۇنداق

“快起来，阿斯汗”帕里塔洪激动地说道：“我一辈子也没见过像今天这么开心的麦西莱甫，你看，我们坎吉的动作多像他爹啊！”

他们围着儿子跳起了奇克提曼，但儿子连看也顾不上看他们一眼，坎吉比他们还激动，每次转身望着姑娘时，姑娘那苗条，柳枝般柔软的腰肢，含情脉脉的眼睛，樱桃似的朱唇……从艾特莱丝长裙微微隆起的胸脯显得更加美丽和动人。自从想阿瑟黛起，他还从未像今天这样近地目睹过她的美貌。眼前的姑娘简直不是邻居的女儿阿瑟黛，而是神话里的情侣，是勇士们拼命追求的妩媚的仙女。他从心里感谢这让他把姑娘看个够的刀浪舞，对创造出使姑娘更加美丽迷人的舞蹈的前辈们肃然起敬。优美的舞蹈使阿瑟黛显得更加美丽动人，当然也把坎吉显得更加潇洒漂亮。所有的人都陶醉在欢乐之中，注视着这对青年……坎吉改跳赛乃姆后，更加舒畅了。姑娘的短辫不时地打在他的脖子上和肩膀上。他们转圈时，互相擦肩而过。这时，坎

① كۆزى يوق 顾不上看。
② تال چىۋىقتەك 柳枝般的。
③ ئويناق 含情脉脉的，卖俏的，卖弄风情的。
④ مەشۇق 情侣，情人。
⑤ بىردىنلا ھۆرمىتى ئاشتى 肃然起敬。

چاغلاردا كەنجى خۇددى بىر يېقىملىق پەيلەش بىلەن ئۇيقۇغا كېتىۋاتقاندەك كۆزلىرىنى يۇمدى، هاياتىدا كۆرۈپ باقمىغان بىر راھەتلىك غىدىق پۈتۈن بەدىنىدە چىمىرلىدى ... مەتيانىڭ يېقىملىق ناخشىسى، قالۇن، غېجەك، دولان راۋابىنىڭ ئاۋازى قوشۇلغاندا، ئۇنىڭغا رىتىملىق ئۇرۇلغان داپ قوشۇلغاندا چىقىدىغان تاۋۇشچۇ؟ بۇ تاۋۇش ئەمەس، پۈتۈن مەيداندىكىلەرنى خۇشاللىققا قوزغىغۇچى، پۈتۈن مەيداننى تەۋرەتكۈچى كۈچ بولۇپ سېزىلمەكتە. بۇنداق كۈچنى كەنجى مۇشۇ كۈنگىچە ھېچ يەردە، ھېچقانداق بىر مۇزىكا ئەسۋابىدىن ئاڭلاپ باققان ئەمەس، ئۇ ئۇن يىللىق ئۆمرىگە ئېچىندى، ئەۋرىشىم چاغلىرى، ھېسسىياتقا باي مەزگىللىرى گۈزەللىك بىلەن قارشىلىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۆتكەن ئۆمۈرنى پۇشايمان بىلەن قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى قەدىرلەش كېرەك ...

كەنجى شۇ خىياللار بىلەن سەنەقەسنىمۇ تۈگەتتى، ئۇنىڭ مەيداندىن چىققۇسى كەلمەيتتى. مانا سىيرىلما باشلاندى. ئۇ مەتيانىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە تېز ۋە چاققان ئايلىنىپ ئوينىدى، قىز ھەر قېتىم پىرقىراپ ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ئەڭ نازۇك ۋە يېقىملىق ھەرىكەت بىلەن قىزنى كۈتۈۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار گۈللەر ئارىسىدىكى بىر جۈپ كېپىنەكتەك شۇنچە تېز ۋە يېقىملىق پىرقىراشتى. مانا، بۇ ئويۇن ئەۋجىگە چىقتى[1]. مەيداندا ئەڭ ماھىر ئۇسسۇلچىلارلا جۈپ - جۈپ بولۇشۇپ پىرقىراشماقتا. پۈتۈن مەيداننى ھاياجان ۋە قىزغىنلىق ئورىۋالغان، «ياشا !»، «بەللى»، «قايناپ»[2] دېگەن ئاۋازلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ تۇرىدۇ. لېكىن، كەنجى سىيرىلما ئۇسسۇلىنىڭ ئەڭ نازۇك شەكىللىرىنى كۆرسىتىشكە بېرىلىپ كېتىپ، مەيداندا يالغۇز ئاسىدە بىلەنلا قالغىنىنى سەزمەي قالدى. ئۇ نېمىلەر بو-

吉就象沉入甜美的梦境一样闭上了眼睛，他感到有一种一生从未有过的舒适感涌遍全身。这仅仅是麦提亚悦耳的歌声，卡伦，艾介克、刀浪热瓦甫和手鼓的节奏汇起的声音吗？不，这不是响声，这是一种鼓动人心的力量。这种力量，坎吉从未在任何地方，任何一种乐器中感受过，他为虚度十年的岁月而懊悔。但再后悔也换不回逝去的最美好、最富有感情的时光，以后的日子可得珍惜呵……

坎吉在遐想中跳完了赛乃克斯舞，他实在不想走舞场，这不，斯尔里曼又开始了。他按麦提亚教的舞步急速地旋转着。每当姑娘旋转着望着他时，他总是用最灵巧、最讨人喜欢的动作配合她。他俩就象花丛中的一对蝴蝶，轻盈地翻飞着。正是这个曲子把舞会推向了高潮，跳舞能手们成双成对翩翩起舞，整个舞场充满了激动和热烈的气氛。“亚夏！”“拜力！”“卡衣那”……欢呼声从四周响起。坎吉只顾尽情地跳斯尔里曼，不知道场上只乘剩下他和阿瑟黛俩人了。他不知道发生了什么，也不知道

① ئەۋجىگە چىقماق 进入高潮。

② ياشا亚夏，بەللى 拜力，قايناپ 卡衣那，以上均为维吾尔族人民在公众场合激动时发出的欢呼声，分别相当于汉语的“万岁”，“太棒了”，“尽情地唱吧”。

لۇۋاتقانلىقىنى، كۆپچىلىك نىمىلەر دەۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. سىيرىلمىغا شۇنچە چىرايلىق، شۇنچە سەنئەتلىك ئويناۋاتقان بىر جۈپ ياش پۈتۈن مەيداندا ھەۋەس، زوقمەنلىك ۋە ئىلھام قوزغىغا- نىدى، ئاخىرقى مۇقام ئېيتىلىپ، ئۇسسۇل ئاخىرلاشقان بولسى- مۇ، مەتيا يالغۇز داپ بىلەنلا ئىككى ياشنى مەيداندىن چىقارماي تۇتۇپ تۇرماقتا ئىدى. كانايدىن: «مەشرەپ تامام» دەپ ئېلان قىل- لىنندى. لېكىن خەلق تارقالمىدى.

ھاياجانلانغان پالتاخۇن مەيدانغا چىقىپ ئىككى قولىنى ئې- گىز كۆتۈردى:

— قانمىدۇق، بولۇپمۇ دولان ياشلىرى قانمىدى. رۇخسەت قىلساڭلار، ئەتە كەچ يەنە بىر ئاخشام مەشرەپ ئۆتكۈزسەك، ئىون ئۆستەڭلىك يەرنى مەشرەپكە تەكلىپ قىلىمەن. مەشرەپ مېنىڭ نامىمدىن بولىدۇ. ھەر ئۆستەڭلىك يەردىن بىردىن بۆكۈل① چىق- قىپ بىردىن قوي تاپشۇرۇۋالسۇن، ئۇسسۇلغا راسا بىر قانايلى. بولۇپمۇ دولان ياشلىرى راسا بىر قانسۇن ...

مەيداندا ئۇنىڭغا جاۋابەن كۈچلۈك چاۋاك كۆتۈرۈلدى...

1979 ـ يىلى، مەكىت

人们在说些什么。这对青年跳得如此优美动人，给观众们带来了极大的兴趣和鼓舞，最后，尽管木卡姆和舞蹈都结束了，但在麦提亚手鼓的伴奏下，两个青年人仍跳得难分难舍。高音喇叭宣布麦西莱甫结束了，人们仍久久不肯散去。

激动异常的帕里塔洪走进舞场，高举双手说：

"没跳够，尤其是刀浪青年没跳够。如果愿意，明天再举行一次麦西莱甫。我邀请四乡八邻的人们都来参加，麦西莱甫以我的名义举行，每个乡来一个领头的，给他一只羊，让他们跳个够，特别是刀浪青年要跳个够。

舞场上，人们对他的话报以热烈的掌声。

1997年,麦盖提

① بوكول 领头的。

# ناخشچی

... پويىز بىر خىل تاقىلداپ كېتىۋاتىدۇ. خانىمىزنىڭ ئىدىشكى يېپىلغان. دېرىزە پەردىلىرى قىيا ئېچىلغان، ئىشىك سىرتىدىكى كارىدوردا ئاشخانىغا ماڭغۇچىلارنىڭ ئاياغ تاۋۇشىمۇ تۈگىگەن، «تاقاق - تۇقۇق، تاقاق - تۇقۇق» قىلغان بىر خىل ئاۋاز، يۇمشاق ياتقۇنىڭ[1] ئاستىا تەۋرىنىشى ئانا بۆشۈكۈمنى ئەسلىتىدۇ. مەن ئاتمىشتىن ئاشقان ئاق باش[2] بوۋاي بولساممۇ، شۇ تاپتا ھوزۇر ۋە ئارامدىن بوۋاقتەك كۈلۈمسىرەيمەن، كۆزلىرىم ئىختىيارسىز يۇمۇلماقتا...

— ناخشا، دۇتار[3] !...

مېنىڭ ھەمراھىم، يەنى مېنى بېيجىڭغا داۋالىتىشقا ئېلىپ كېتىۋاتقان يىگىت تەنتەكلىك[4] قىلىپ ۋارقىرىدى. ئارامىمنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن رەنجىشكە توغرا كەلدى[5] :

— يېشىڭىز قىرىقتىن ئاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىسىز، قىلىقىڭىز ئۈچ ياشلىق بالا...

مەن تام تەرەپكە ئۆرۈلدۈم[6] .

— ئا جۇيجاڭ، ھوي ئا تىڭجاڭ، ناخشا، ناخشا ئېيتىۋاتقان يەردە نېمە ئۇيقۇ، نېمە خىيال !

ئۇ يەنە يېنىكلىك قىلىشقا ۋە چاقچاق بىلەن مېنىڭ خاپىلىقىمنى قايتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ يۇمشاق ياتقۇدىن يەرگە چۈشتى ۋە ساپما كەشىنى شىپىلدىتىپ مېڭىشقا ۋە ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

# 歌手

……火车轰轰隆隆地向前奔驰着，软卧车厢的门紧闭着。车窗的窗帘斜拉开来，门外过道里去餐车吃饭的脚步声已经停歇。只有单调的“喀嚓，喀嚓”声回响着。轻轻摆动着的床铺使人联想到摇篮。我虽然已是年过六旬的白发人了，此刻却象舒服安宁的婴儿一样微笑着，不由自主地闭上了双眼。

“歌声，都塔尔！”

我的旅伴，也就是陪送我去北京治疗的小伙子冒冒失失地叫喊起来。他破坏了我的宁静，真叫人生气：

“你都年过四十了，又是个副处长，做起事来怎么还象个三岁的孩子。”说完我朝墙壁翻了个身。

“阿局长，不，阿厅长，歌声，有歌声的地方还能睡着吗？还有什么心思可想？”

他又开始轻狂起来，开玩笑让我消气，并从软卧上下来，趿着拖鞋巴嗒巴嗒地走着，激动地说，“列车上怎么会有琴师呢？这不，你听，是在弹都塔尔呢”。

① ياتقۇ 睡觉的床。يات 是动词“睡，躺”之意，قۇ 是构成名词的词缀，表示与词根所指动作有关的器具。

② ئاقۇاش 白发人，此词是由ئاق 和باش两个词根构成的复合词，在构词中有音变现象ب 变成了ۋ。

③ دۇتار 维吾尔族民间弹拨乐器，形如长柄瓢，有两根弦。音译为“都塔尔”。

④ تەنتەكلىك قىلىش 冒失，轻薄。

⑤ رەنجىشكە توغرا كەلدى 叫人生气，这是个非主谓句。

⑥ تام تەرەپكە ئۆرۈلدۇم 翻身朝墙。其中كە 是向格表示“方向”。

— پويىزدا نېمە قىلىپ يۈرگەن سازەندە بۇ[1]؟ ئەنە، تىڭ-شاڭ، دۇتار سازلاۋاتىدۇ...

پويىز رادىئو كانىيىدىن راستلا دۇتارنىڭ گۈڭگۈلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، راستىمنى ئېيتسام، مەن ناخشا خۇمارى، هازىرمۇ پات - پات دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئۆز ئاۋازىمدىن هۇزۇر ئالىمەن. ئىككى سەر ئىچىۋالغان كۆنلىرىم بىر يۇرۇش ناخشىلاردىن، مەسىلەن، «خانلەيلۇن[2]» ياكى «يەتتە ئۆزگىرىش[3]»نى ئېيتىپ تۈگىتەلەيمەن. ناخشام ئۆزۈمگە قاتتىق تەسىر قىلغان كۆنلىرى ئايالىم يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ - دە، ئۇھ تارتىپ:

— رەھمىتى نەبىكامدەكلا ئېيتتىڭىزا، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، تاسلا قالدىم بۇقۇلداپ يىغلىۋەتكىلى، — دەيدۇ. بۇنداق چاغدا مەن ئاغىنەم نەبىنى ئەسلەپ كۆزلىرىمنى نەمدىۋالىمەن. ئۇ گويا دۇنياغا مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئېچىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك، كېچە - كېچىلەپ ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى، ساز چېلىپ كۆڭلۈمنى ئالاتتى[4]. مەن هازىر بېيجىڭغا بېرىپ داۋالىنىپ، ساقايغاندىن كېيىن يەنە ناخشا ئېيتماقچى، يەنە خۇشال - خۇرام يىگىرمە - ئوتتۇز يىل ياشىماقچى، لېكىن ئاجايىپ ناخشىلارنى قالدۇرغان دوستۇمچۇ؟ ئۇ ئۆز كۆڭۈلچەكلىكى[5] بىلەن ماڭا ئوخشاش قازاچىلارنى خۇشال قىلىپ ۋە ئاخىر ئارماندا قالدۇرۇپ[6]، قىرىق نەچچە يېشىدا دۇنيادىن ئۆتتى. مېنى ناخشىچى قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قېتىم ناخشىنىڭ گېپى چىقسىلا نەبى يادىمغا يېتىدۇ.

— پاھ ! نېمىدېگەن مۇڭ !

ھەمراھىم ھاياجان بىلەن ۋارقىرىدى. مەن بۇ قېتىم خاپا بولمىدىم. ئۈيقۇم قېچىپ، قۇلىقىمغا دۇتارنىڭ تونۇش ۋە مۇڭلۇق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىغانىدى.

— تىنچ ئولتۇرۇپ تىڭشاڭ، سىلىمجان ! — دېدىم مەن ئاستا ئاۋاز بىلەن.

从列车的扩音器里真地传来了清亮的都塔尔声，其实我是个歌迷，就是现在我还时不时地抱着都塔尔自弹自唱，从中享乐。喝上二两的时候，我还能一口气唱完成套的曲子，比如："汗莱依侬"或者"七连变奏曲"。每当我唱得自我陶醉时，老伴便会来到我身旁坐下，叹息道：

"你唱得多象已故的乃比大哥呀，我激动得几乎要热泪盈眶了。"此刻我又想起了我的朋友乃比，我的眼睛潮湿了。他好象专门为我弹唱才降生到这个世界上来的，他曾对着我天天唱，夜夜唱，弹奏着美妙的乐曲讨我欢心。我现在要去北京治病，等病愈后，我还要唱歌，还想快快活活地活上他二、三十年，可是我那留下许多美妙歌曲的朋友呢？他以自己的坦诚给像我这样的人带来了多少愉快和欢乐，而最使人懊丧的是，他只有四十多岁就离开了人世。正是他把我造就成了一名歌手，每次只要一提到歌曲，乃比就会浮现在我的脑海里。

"啊，多么动听悦耳"

我的旅伴激动地喊了一声。这次我没有生气，睡意顿消，耳边响起了都塔尔那熟悉而又悦耳的琴声。

"静静地坐下来听，赛里木江！"我低声说道。

① بۇ سازەندە يورگەن قىلىپ نېمە پويىزدا 列车上怎么会有琴师呢?这是一个倒装句，维语语序一般是主语在谓语之前，而这句话由于表达上的需要把已知信息状语"火车"改在了句首，把未知信息改在了句末。سازەندە同，سازچى 意为乐器演奏家，乐师。

② «خانلەيلون»"汗莱依侬"，伊犁民歌的一种。

③«يەتتە ئۆزگىرىش»"七连变奏曲"。

④ كۆڭلىنى ئېلىش 取悦，讨人喜欢。

⑤ كۆڭۈلچەكلىك 好心肠，心软。在句中译为"坦诚"较为贴切。

⑥ ئارماندا قالدۇرۇش 使懊悔，懊丧，惆怅。

— يۇرەكنى غىدىقلاۋاتسا !... پاھ !...

ئۇ يەنە ۋارقىرىغان بولار ئىدى، لېكىن ناخشا باشلىنىپ كەتتى.

ناخشا، مەن كۆپ ئاڭلىغان، لېكىن زادىلا ئاڭلاپ قانمىغان غۇلجا ناخشىسى، كىچىكىمدىن تارتىپ خۇشاللىقىمنىڭ جارچىسى، قايغۇلىرىمنىڭ ئۇزاتقۇچىسى بولۇپ كەلگەن ناخشا. ئانا تۇپراقنىڭ ئاق نېنىدەك، تەملىك سۈيىدەك، سۈزۈك ھاۋاسىدەك، خۇددى لەززەتلىك ئانا سۈتىدەك[1] ھايات بەخش خەلق ناخشىسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ناخشا مېنى ئۆز كۈچى بىلەن بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇچۇرۇپ، ئىلى دەرياسى بويىغا — بۇ يەردىن بەش - ئالتە مىڭ كىلومېتىر يىراقتا تۇرغان گۈزەل يېزامنىڭ باغلىرىغا ئاپىرىپ تاشلىدى: مەن شاختىن - شاخقا سەكرەپ تەمبۇر ئاۋازىغا مەست بولغان بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، قاتار - قاتار تېرەكلەر ئاستىدىكى ئېرىق بويىدا بۇك ئۆسكەن گۈناۋاز، بۆلجۈرگەنلەرنى[2] كۆردۈم، ئىلى دەرياسىنىڭ جانغا ئارام[3] سۈيىدە چۆمۈلدۈم - دە، قايتىپ كېلىپ باغ ئارىلاپ شورىلاردىن، سۆڭگۈچلەردىن[4] ئۈمىلەپ ئۆتۈپ، مېۋىلىك دەرەخلەرگە ياماشتىم...

تۇتاش باغلار، پايانسىز ئېتىزلاردا مەن ناخشا ئېيتمىغان قايسى يەر قېلىپتۇ؟...

تونۇش ناخشا، تونۇش ئاۋاز ماڭا ئۆمۈر بويى ئۇنتۇلمايدىغان بىر يىگىتنى ئەسلەتتى: ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلارغا كىرگەن، ئاق كۆڭلەك، قىزىل دوپپا، كۆك ئىشتان ۋە پۇتىغا پايپاقسىز چۆخەي كىيگەن بوغداي ئۆڭلۈك[5]، قاڭشارلىق، ئۇزۇن كىرپىكلىك، يوغان كۆزلىرى ئويۇلۇپ تۇرىدىغان يىگىت دۇتارنىڭ يۇزىگە ئېگىشىۋېلىپ، ناخشا ئېيتماقتا. ئۇنىڭ ئاۋازى تاڭ سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل ئاۋازىغا ئوخشاش يېقىملىق، بۇلاق سۈيىدەك تازا ۋە شوخ ئىدى. مانا شۇ يىگىت كۆز ئالدىمغا كەلدى.

"真是扣人心弦啊！……"

他欲喊叫时，歌声也已响起。

歌曲，让我怎么也听不够的伊犁民歌，从我童年起，它就是我欢乐幸福的代言者，也是我悲痛忧伤的送行者。就象故乡特有的白面馕，甘甜的泉水和清新的空气，就象母亲那甘美的乳汁一样，给生命以活力的这首民歌又唱起来了。歌声用它的魅力带着我在蓝天白云间穿梭飞舞，它把我带到了伊犁河畔——远在五、六千公里以外的美丽果园里。我听到了陶醉于弹布尔琴声、在树枝桠上跳上跳下的布谷鸟的嘤鸣，我看到了钻天白杨下水沟旁生长着的郁郁葱葱的花草和草莓，我沉浸于伊犁河那平缓的水流之中，又回到果园，翻过篱笆墙，钻过水洞，攀上结满果实的枝头……

绵延不断的果树上，无边无垠的田野里，哪一处没有留下我的歌声？

这熟悉的曲调，熟悉的歌声使我回忆起让我终生难忘的一个小伙子：一个十七、八岁，身穿白衬衫，头戴红色花帽，下身穿条蓝色裤子和光脚穿双球鞋，那古铜色的脸庞，高高的鼻梁，长长的睫毛下有一对圆圆的眼睛的腼腆的小伙子，他俯身拨弄着都塔尔，唱着歌，他的歌声好似清晨布谷鸟的鸣叫声一样悦耳动听，好似清泉水一样清纯欢快。这小伙子又来到了我的眼前。

① خۇددى لەززەتلىك ئانا سۈتىدەك 汉语为：好似母亲甜美的乳汁。修饰语لەززەتلىك在维语中出现在"母亲"的前面，而在汉语中放在了"母亲"的后面，这是因为 ئانا سۈتى 在维语中相当于汉语的"母乳"，两词中间一般不能加修饰语。

② بۆلجۈرگەنلەر 草莓。

③ جانغا ئارام 安生。

④ سۈڭگۈچى 墙根上的水洞。

⑤ بۇغداي ئۆڭلۈك 指脸色是黑红色的，译成"古铜色的脸庞"较为合适。

كانايدا ناخشا ئېيتىۋاتقان شۇمىدۇ؟
ناخشا توختىغاندا، سېلىمجان ئالدىراپ شىبىلىتىنى كىيدى ـ دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى.
— مەن ئۇنى باشلاپ كېلىمەن!
سېلىمجان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئەنسىزلىككە چۈشتۇم.
«شۇمىدۇ، ئەگەر شۇ بولسا، قايسى يۈزۈم بىلەن كۆرۈشىمەن؟ ئۇنىڭغا نېمىمۇ دەيمەن؟ ئۆتكەن ئىشلارنى يۈزۈمگە سالمىغان تەقدىردىمۇ، ھېچبولمىغاندا مەنىلىك قاراپ قويۇشى مۇمكىنغۇ...»
ئۆتكەن خاتىرىلەر كۆز ئالدىمغا كەلدى.
... چارەك ئەسىر[1] ئىلگىرى. مەن ئايالىم ۋە قىزىمنى ئېلىپ غۇلجىغا دەم ئېلىشقا باردىم. ئەتىسىلا نەبى خادىك ھارۋا[2] بىلەن مېنى يېزىغا ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ كەلدى. مەنمۇ شۇنى خالايتتىم. نەبىنىڭ مېھماندوستلۇقى، ساز ـ ناخشىلىرى توغرىسىدا گەپ سېتىش[3] ئارتۇقچە. ئۇنىڭ لەتىپىگە ئۇستىلىقى، خۇش چاقچاقلىقى، كىشىگە ئارام بەرمەي كۈلدۈرىدىغانلىقى... مانا مۇشۇلارلا ھازىرغىچە مەن ئۇچراتقان ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىدا يوق. ئۇ چاقچاقتىن كېيىن تەرلەپ ـ پىشىپ ساز چالاتتى، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان[4] ناخشىلارنى ئېيتاتتى. ئارىلىقتا ناخشىلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئېيتاتتى. بېيىتلارنى[5] چۈشەندۈرەتتى، مۇقام شېئىرلىرىنى يېشىپ بېرەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام، كۆڭلۈمنىڭ قانداق ئۆتكىنىنى بىلمەي قالاتتىم، كۆڭۈل ـ كۆكسۈم ئېچىلىپ ـ يايراپ كېتەتتىم[6] ... شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن مېنىڭ نازىرلىقىم ھۆرمىتىگە كەلگەن يايلاق، چاي، دەريا بويى، باغ سەيلىلىرىنى رەت قىلىپ، ئىككىلەنمەستىن ئاغىنەمنىڭ ھارۋىسىغا چىقتىم ـ دە، يېزىغا كەتتىم.

在扩音器里唱歌的是他吗?

歌声刚停下来,赛里木江就急匆匆地蹬上皮鞋,朝外面走去。

“我要把他带到这来!”

赛里木江出去后,我感到一阵不安。

是他吗?如果真是他,我有什么脸面再见到他?我对他说些什么呢?尽管他不会当面说起那些往事,向我投来抱怨的目光也是有可能的”。

往事又一幕幕地浮现在我的眼前。

二十五年前,我带妻子和女儿回伊犁休假,第二天乃比赶着六根棍马车,要把我们接到乡下去。我也很高兴这样。乃比的热情好客.吹拉弹唱无须用语言来描述。他故事讲得巧妙绝伦,讲笑话逗乐也是能手,整日叫你捧腹大笑。如此这些在我遇到的人中没有一个可以和他相媲美。当说笑完毕,他便抱起琴弹个大汗淋漓,歌声揪人心肺,间歇他也讲一些有关歌曲的历史和有趣的故事,讲解诗歌,解说《木卡姆》诗篇。我和他在一起,都不知日子是怎样过去的,心情格外舒畅……。因此,我谢绝了因我这个厅长慕名而来的宴请,草原之行,河边野游,果园宴会等,毫不犹豫地跳上了朋友的马车,径自去了乡下。

① چارەك ئەسىر “四分之一世纪”,即二十五年。
② خادىك هارۋا 六根棍马车。
③ گەپ سېتىش 耍嘴皮子,夸夸其谈。
④ يۈرىكىنى ئېزىش 使人心碎。
⑤ بېيىت 诗歌,主要指民歌体的双行诗。
⑥ كۆڭۈل - كۆكسۈم ئېچىلىپ - يايراپ كەتتى 让我开心,使我心花怒放。

ئۇنىڭ سەككىز بالىسى ۋە مېھماندوست، ئوچۇق - يورۇق، تىنىمسىز ئايالى بىزنىڭ چىققىنىمىزغا چىن يۈرىكىدىن خۇشال بولدى. شۇ ئاخشىمى ئۇ مال سويۇپ يۇرتقا چاي بەردى.

ئەتىسىدىن باشلاپ بوستانلار، ئۆستەڭ بويلىرى، شارقىراتمىلارنىڭ[1] ئەتراپلىرى، باراڭ، پېشايۋانلار، ھەتتا قوغۇنلۇقتىكى باراڭلاردا ئولتۇرۇش باشلاندى. سويۇلۇۋاتقان قوي، تۆكۈلۈۋاتقان مېۋە، چېلىنىۋاتقان ساز، ئېيتىلىۋاتقان ناخشا، بولۇۋاتقان چاقچاق... مەن ئۇ چاغدا گويا بالىلىقىمغا قايتقاندەك بولۇپ قالغاندىم: تاڭ سەھەرلىكى قىزىلگۈل غۇنچىسىنىڭ گۈل بولۇپ ئېچىلىشىنى كۆرۈش بۇلبۇلغا نېسىپ بولمىغىنى بىلەن، مەن ۋە نەبى ئىككىمىزگە تالاي قېتىم نېسىپ بولغان[2]، ئېتىزدا ئايسىز ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئوڭدا يېتىپ بەس - بەس بىلەن ناخشا ئېيتىش بىزنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەرمىكىمىز ئىدى، بۇ قېتىم گۈلنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرمىگەن بولسامۇ، بىر قېتىم نەبى بىلەن خاماندا ياتتىم، ھەتتا گۈلخان يېقىپ كاۋا كۆمۈپمۇ يېدۇق... نەبى بىلەن ياشلىقنى، گۈزەل چاغلىرىمىزنى ئەسلەشتۇق. چۈنكى بىز ئۇ چاغدا قىرىقتىن ئاشقان قىران ئادەملەر[3]ئىدۇق. ماڭا قارىغاندىمۇ نەبى ياشلىق چاغلىرىنى ھاياجان ۋە كۆز يېشى بىلەن ئەسلەيتتى. چۈنكى ئۇ ياشلىقى بىلەن مەندىن بۇرۇنراق خوشلاشقان — چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغان، كۆلكە كەتمەيدىغان ئورۇق يۈزىنى، مېھىر - شەپقەت يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقلىرىنى قويۇق ۋە چوڭقۇر قورۇقلار بېزىگەنىدى.

— قارىغىنا، قىزىلقاچا ئۆرۈكتەك سۇزۇك تۇرۇپسەن، — دەيتتى ئۇ ماڭا زوق بىلەن سىنچىلاپ قاراپ، — ئىككىمىز بىر ياشلىق، لېكىن مەن بوۋاي، سەن يىگىت، سەن دۆلەت كۆرسەڭ[4]، مېنىڭ بەدەن - بەدىنىم قۇۋۇنۇپ كېتىدۇ[5]، ئابدۇل.

他的八个孩子以及热情好客，开朗爽快，成天闲不住的妻子打心眼里欢迎我们的到来。当天晚上他宰了羊，宴请宾客。

第二天起乡亲们便轮流坐庄，草地上，水渠旁，瀑布边，葡萄架下，屋檐下甚至瓜棚的绿荫下，聚餐开始了。刚宰的鲜羊肉，成堆的水果，悦耳动听的琴声，委婉的歌声，取笑逗乐的声音……我此时就好像回到了儿童时代；清晨期待看到玫瑰含苞欲放的布谷鸟没有的机缘，让我和乃比碰到了许多次。躺在田野上仰望没有月亮的天空，看着闪烁的星星，你一首我一曲地赛歌是我们最大的乐趣。这次虽然没有看到玫瑰花开放，我却如愿地和乃比躺在麦场上，共享往日的欢乐。甚至点燃篝火烤熟南瓜饱餐一顿，和乃比一同回忆年青时最美好的时光，因为那时我们正是年过四十的壮年人，乃比是含着热泪回忆着逝去的青春年华的，因为他同我相比过早地告别了青春，他的头发和胡须都开始变白，那张永远都在微笑的削瘦的脸上，那双凝聚着慈祥的眼睛周围已布满了又密又深的皱纹。

“你看，你象红杏般水灵”。他凝视着我风趣地说道：“虽然我俩同岁，可我却成了老头，而你还是个小伙子，你能享福，也是我最大的喜悦，阿不都勒。”

① شارقىراتما 瀑布。
② گە نېسىپ بولماق …和什么(谁)有机缘，有缘分。
③ قىران ئادەم 身强力壮的人，精力充沛的人。
④ دۆلەت كۆرمەك 享福。
⑤ قوۋۇنىپ كېتمەدۇ 高兴，喜悦。

ئېيتقىنا، كىچىك ماشىناڭدا ھۆزۈرلىنىپ ئولتۇرغىنىڭدا، مەشچى ئاغىنەڭ نەبىنى ئويلاپ قويامسەن؟ ئويلايسەن، ئەسلەيسەن. مەن بىلىمەن، سېنىڭ ئاشۇ نازىرلىقنى تاشلاپلا مېنىڭ يېنىمغا كېلىۋالغۇڭ كېلىپ كېتىدۇ، مەن يوق يەردە زېرىكىپ ئۆلىسەنغۇ دەيمەن، ئابدۇل!

مەن ئۇنىڭ دوستلۇق مېھرى ۋە ئىشەنچىگە تولغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چىن كۆڭلۈمدىن خۇشال بولىمەن - دە، ئۇنى مۇرىسىدىن قۇچاقلايمەن[1]:

— ناخشا ئېيتقىنا، نەبى، ئېيتقىنا، ئاداش، ناخشاڭ قۇلىقىمدىن زادىلا كەتمەيدۇ، چىرايىڭ قېرىغان بىلەن، ئاۋازىڭ بۇلۇنقىدەك تازا، يېقىملىق، ئېيتقىنا، ئاداش، يۈرەك قانغۇچە...

ئۇ بىردە يالغۇز دۇتار بىلەن، بەزىدە دۇتارنى ماڭا بېرىپ، تەمبۇر بىلەن ناخشا ئېيتاتتى. مەن ئۇنىڭ تەمبۇرىغا دۇتارنى تەڭكەش قىلىپ، قىسقا ياز تۈنلىرىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزمەيتتىم. ئۇنىڭ تۈن بويى ئېيتىسىمۇ، بىر قوشاقنى ياكى بىر ئاھاڭنى تەكرارلىماسلىقى، بىرىدىن بىرى مەنىلىك بولغان قوشاقلارنى ئېلى ناخشىلىرىنىڭ باي ئاھاڭلىرى بىلەن ئېيتىشى مېنى قىزىقتۇرۇپ، ناخشا ۋە سازنىڭ زور ئېقىمى ئىچىگە ئىختىيارسىز سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ كېتەتتى...

كانايدىن ئاڭلانغان ناخشا نەق شۇ ناخشىنىڭ ئۆزى ئىدى. سېلىمجان خانىگە ھاسىراپ يېتىپ كىردى:

— تاپتىم، ئا جۇيجاڭ، يېشى ئەللىككە تاقىغان، چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان بىر ئەما ئادەمكەن[2]، — دېدى ئۇ ئالدىراپ سۆزلەپ، — ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتىدۇ، ئالتە - يەتتە ياشلىق بىر ئوغلى، ئايالى بىلەن بېيجىڭغا كۆزىنى داۋالىتىشقا مېڭىپتۇ.

— نېمىشقا ئىدارىسىدىن ئادەم قوشماپتۇ؟

“你说说看，当你舒舒服服坐在轿车里时，可曾想到过你这个砸铁皮炉子的老朋友乃比？你会的，你会怀念的。我知道，你甚至会抛弃厅长的职位来到我身边，在没有我的地方你会寂寞死的，阿布都勒。”

听到他这充满了真挚友情和信任的话语，我打心眼里感到高兴，禁不住抱住了他的肩膀：

“乃比，你歌唱吧，歌唱吧，朋友，你的歌会永远在我耳边回荡，你的容颜虽已变老，可你的歌声却和以前一样嘹亮，悦耳，唱吧，我的朋友，尽情地歌唱吧！”

他一会儿抱着都塔尔自弹自唱，有时把都塔尔递给我，自己拨着弹拨尔的琴弦唱起来。我用都塔尔给他伴奏，我们甚至没有感觉到这短短的夏夜是怎样过去的。他即使唱一整夜，也没有一首歌或一首调是相同的，他用伊犁民歌所具有的丰富曲调唱出这一首首内容深刻的歌曲，强烈地吸引着我，使我不由自主地卷进这歌声和乐曲声的巨大洪流之中…

扩音器里传来的歌曲正是那首歌，赛里木江喘者粗气回到了软卧车厢。

“找到了，阿局长，他年龄近五十，是个头发和胡须都白了的盲人”。他急不可待地说道。“真叫人难过，他和一个六、七岁的男孩、妻子一同去北京治疗眼睛。”

“为什么单位不派人陪送呢？”

① ئۇنى مۆرسىدىن قۇچاقلايمەن 我抱住了他的肩膀。

② چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان بىر ئەما ئادەم“头发胡子都已变白的一个盲人”。按汉语习惯应译为：“一个头发胡子都白了的盲人”。

— ئۆزىمۇ، ئايالىمۇ ئىشسىزكەن ! — دېدى سېلىمجان مە-يۈسلىنىپ، — ئۇنىڭ بايىقى خۇشاللىقى، چاقچاقلىرىدىن ئەسەر قالمىغانىدى[1]. بىز جىم بولۇپ قالدۇق.

— يول خىراجىتى، داۋالىنىش ھەققى... ئاسانمۇ؟ ئايالى ۋاقىتلىق ئىشلەپ قانچىلىك پۇل تاپقاندۇ؟ يېمەمدۇ؟ كىيمەمدۇ. قانچىلىك ئېشىنالىسۇن؟... نەدىكى سەيگۈيۈەنلەر نەچچە مىڭ يۈەنلەپ پۇللارنى بۇزۇپ - چېچىۋېتىسە، ھۆكۈمەت كۆتۈرىدۇ. رو-ھىي بايلىق يارىتىدىغان مۇنداق ئادەملەرگە قارايدىغان كىشى يوق...

سېلىمجان ئۆزىچە غودۇڭشىغىلى تۇردى. ئۇ كىمگىدۇر نارازى بولۇپ، بىرلىرىنى جىملەيتتى[2]. لېكىن مېنىڭ بۇنى بىلگۈم كەلمەيتتى.

— ئېتىنى سورىدىڭىزمۇ؟

— سورىدىم، ئېتى جانىكەن !

— جانى؟...

مەن چۆچۈپ كەتتىم، ئاق كۆڭلەك، قىزىل دوپپا كىيگەن ئۇن يەتتە - ئۇن سەككىز ياشلىق بالا دەرھال كۆز ئالدىمغا كەلدى.

مەن تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدىم. بىر خىل ئېچىنىش، ئۆز - ئۆزۈمگە بولغان غەزەپ - نەپرەت پۈتۈن بەدىنىمنى ئوت بولۇپ ئۆرتەشكە باشلىدى. چىرايىم قانداق بولۇپ كەتتىكىن، ئىشقىلىپ، سېلىمجانىنىڭ كۆرمەسلىكىنى خالايتتىم...

بۇ قارىغۇ بالا شۇ نەبىنىڭ ئوغلى بولۇپ چىقسا، مەن ئاغىد-نەم ئالدىدا، خەلقىمىز ئالدىدا ئەيىبلىكمەن، كەچۈرگۈسىز ئەيىب شۇ تاپتا مېنىڭ گەجگەمدىن تولۇق تاشتەك[3] باسماقتا. «بەلكىم ئەمەستۇ، جانى بەلكى بەختلىك بولغاندۇ...»

— ئا جويجاڭ، جانىنىڭ ئايالى ئاجايىپ ئايالكەن. جانىنىڭ نە خىزمىتى، نە پۇلى، نە كۆزى بولمىسىمۇ، ناخشىسىغا ئاشىق

“他和妻子都没有工作！”赛里木江叹息道。他刚才那股风趣、谈笑风生的劲儿荡然无存，大家都沉默着。

“路费，还有医疗费用……这些都容易吗？他妻子当临时工又能挣几个钱？不吃不穿吗？除了吃穿又能积蓄多少呢？那些采购员一次就能挥霍他几千元，全由公家承担，可就是没人来关心这些创造精神财富的人。”

赛里木江自言自语地唠叨着，他象对谁不满，要制止那些人似的。可我对此不感兴趣。

“你问他叫什么名字了吗？”

“问了，他叫加尼。”

“加尼？”

我吃了一惊：那个身穿白衬衫，头戴红色花帽。十七、八岁的小伙子立刻出现在我的眼前。

我翻身朝墙躺着，一种懊悔、自责的心情象火一样在我全身燃烧起来，不知我的脸色变成了什么样。无论如何，我不想叫赛里木江察觉到这些。

这双目失明的孩子如果真是乃比的儿子加尼。我在朋友面前，在父老乡亲面前是要受到指责的，这种不可饶恕的责备就象石滚子一样此刻压在我的身上。“可能不会是他，也许加尼会很幸福的。”

“阿局长，加尼的妻子可是个了不起的人，加尼虽然没有工作，没有钱，失去了双眼，可她凭着对加尼歌声的痴爱，嫁给了

① ئەسەر قالماسلىق无影无踪。其中的ئەسەر 是个同音词，Ⅰ、著着。Ⅱ、踪影，音信。
② جىلمەك 制止。
③ تولۇق تاش 石滚。

بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپتۇ[1]. قىسقىسى، ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى بىر بەختسىز ناخشىچىنىڭ كۆڭۈل ئارامى ئۈچۈن سەرپ قىپتۇ. قاراڭا، خەلقىمىز ناخشىنى قانداق قەدىرلەيدۇ - ھە ! لېكىن، شۇ يېرى ياخشى ئەمەس، ئا جۇيجاڭ، بەزىلەر، ھەتتا بىزنىڭ بەزى باشلىقلىرىمىز ناخشىغا ئۆلگۈدەك ئامراق، ناخشىچىغا بولسا ئۆچ !

— ئۇخلىغىلى قويىسىڭىزچۇ !...

ئۇ جىمىپ قالدى. لېكىن، مېنىڭ بېشىم ئايلىنىشقا[2]، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. دېمەك، قان بېسىمىم ئۆرلەمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بايىقى سۆزى ماڭا بۇنچىلىك قاتتىق تەسىر قىلىدىغىنىنى بىلگەن بولسا، ئۇ گەپ قىلمىغان بولار ئىدى...

مېنىڭ كۆز ئالدىمغا يەنە ھېلىقى قىزىل دۇخاۋا دوپپا كىيگەن، نومۇسچان كۆزلىرىنى دۇتارنىڭ يۈزىدىن نېرى قىلمايدىغان[3] يىگىت كېلىشكە، ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق ئىشلار بىر - مۇبىر ئۆتۈشكە باشلىدى:

... نەبى نومۇسچان ئوغلىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ مېنىڭ ئالدىمغا ئەكەلدى ۋە بارلىق ئاستىدىكى كىگىز گە يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزدى:

— ئىسمى جانى، نېمىشقا جانى قويغىنىمنى ناخشىسىنى ئاڭلاپ بىلىسەن. قول قىسقا بولغاچقا، ئوقۇتالمىدىم. ئەمما، ناخشىلىرىمنى ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئېيىت، بالام، ئۇيالما، ئۆز داداڭ، مەن ئىسمىنى قۇلىقىڭغا قويۇۋەتكەن ئادەم شۇ. مەندىن كېيىن قالساڭ بېشىڭنى سىلايدۇ، ئېيت، بالام، ھۈنىرىڭنى كۆرسەت، ياراپ قالساڭ چوڭ يەرلەرگە كېتىپ قالامسەن تېخى !

بالا تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ھودۇقۇپ - تەمتىرەپ دۇتارنى سازلىدى - دە، پوكاندەك قىزىرىپ[4] يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىشقا باشلىدى، ئۇ دۇتارنى

他。总之，她把自己的青春年华献给了不幸的歌手，就是为了让他的心能平静。您看，我们的人民大众是多么珍惜民歌啊！可这点却不好，阿局长，有些人甚至我们某些领导干部对歌曲爱得要命，可对歌手却充满仇恨。”

“你就让我睡一会儿吧！”

他不作声了，而我却头昏脑胀，眼睛发黑，也就是说血压又升高了。如果他知道刚才的话对我刺激如此之大，可能就不会吭声了。

在我的眼前又出现了那个头戴红色绒花帽，目不转睛地盯着都塔尔琴的腼腆的小伙子，和他有关的那些事情一件件地浮现在我的脑海里：

……乃比将自己怕见生人的儿子拉到我面前，并让他坐在房檐下的毡子上，对我说道：

“这孩子叫加尼，为什么要取这么个名字，听听歌就知道了。因手头拮据，没让他上学。可他在学唱歌曲，孩子，唱一首，不要害羞，这是你叔叔，自己人，是我曾提起过的那个叔叔。将来我不在人世了，他会照顾你的。唱吧，孩子，拿出你全部的技艺。如果他看中你这绝活儿，说不定还会把你带到大城市去的”。

那孩了用颤抖着的手，局促不安地弹起了都塔尔。他满脸通红地看着地面，额头上也沁出一层汗来。他弹起都塔尔，头几

① تۇرمۇش قۇرماق 结婚，成家。
② باش ئايلانماق 头晕。
③ كۆزلىرىنى دۇتاردىن نېرى قىلماسلىق 目不斜视地盯着都塔尔。
④ پوكاندەك قىزارماق 红得象嗉囊。

چالدى ۋە بېشىنى دۇتارنىڭ يۈزىگە ساڭگىلىتىۋېلىپ ناخشا باشـ
لىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى دەسلەپ تىترەپ چىقتى، كېيىن بىردىنلا
ناخشىدىن كەلگەن چەكسىز ئىلھام[1] ۋە قۇۋۋەت بىلەن ئۇ ئۆزد-
ىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقىنىنى ئۇنتۇدى. ئۇ «لەيلۇن» ناخشىلىرىنى ئا-
دەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان نازۇك ھېسسىيات ۋە ئاجايىپ
ماھارەت بىلەن ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك
ساپ ۋە تەبىئىي، گوياكى ياش دەرەخنىڭ نوتىسىدەك[2] گەۋرىشىم
ۋە مەي بولۇپ پىشقان كۆكچىنىڭ[3] شىرنىسىدەك شېرىن ئىد-
دى، خۇددى يىراقتىن ئاڭلانغان نەي ئاۋازىدەك، كىشىگە بىر
خىل ھۇزۇر ۋە ئارام بېغىشلايتتى. ناخشىنىڭ ئەۋجىنى ئېيتـ
قاندا، ئۇنىڭ ئېڭەكلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەسلا مىدىرلاپ قوياتـ
تى، يا تومۇرلىرى كۆپمەيتتى، يا قىزارمايتتى. ناخشىنىڭ سېھ-
رىي كۈچى[4] بىلەن بېشىم چۈشۈپ كەتكىنىنى سەزمەپتىمەن،
ناخشا توختىغاندا قارىسام، ئايالىم كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ-
تۇ. ئون ئالتە ياشلىق ئوماق قىزىم ئانىسىنىڭ مۈرىسىگە نازۇك
قوللىرى بىلەن تايىنىپ تۇرۇپ، ھاياجان بىلەن ئۇلۇغ كىچىك
تىنىۋېتىپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ مېنى ئويغا سالىدىغان ئىشلار بو-
لۇشقا باشلىدى. قىزىم پات ـ پات دۇتار ئۆگىنىمەن دەپ يىگىتـ
نىڭ يېنىغا بېرىۋالىدىغان، ئۇنىڭ يەردىن يۇقىرى بولمايدىغان
يۈزىگە تەلمۈرۈپ قارايدىغان، خالىي يەرلەردە[5] ئۇنىڭ ناخشىلىد-
رىنى غىڭشىيدىغان بولۇۋالدى... مەن قىزىمدىكى ئۆزگىرىشنى
سېزىپ، بىر كۈن ئانىسىغا پۈراتتىم:

— گۈلنار نېمانچە خىيالچان بولۇپ كەتتى؟...

— ھەممىنى قىلغان ئۆزىڭىز ... مۇشۇ يەرگە چىقمىغان
بولساق، شۇ بالا يوق. قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەيدىغانلا بولۇپ
قالدى... يالغۇز قالسا كىتابمۇ ئوقۇمايدۇ... جانى ئېتىمىزدىن

乎都要贴到都塔尔上，开始唱起歌来。起初他的歌声由于紧张有些颤抖，后来一下子从他的歌中喷发出无穷的灵感和力量，使他忘记了自己。他唱起了《莱依侬》。他用那细腻的动人心弦的感情和高超的技艺唱起了这首歌。他的歌声清新自然，象树苗的嫩枝一样柔软，象熟透了的可口奇甜瓜一样甜美，就象远方传来的笛声一样让人感到惬意和安祥。当唱到高潮时，他的下颏微微有些颤动，但他筋不绷起，面不改色。歌声的魅力使我飘飘欲仙，当歌声嘎然而止时，我一看，妻子正不停他擦着眼泪，我那十六岁含苞待放的女儿手扶着她母亲的双肩，激动不已。

从那时起让我操心的事便开始多了起来。女儿借学琴为由常常去找那个小伙子，她满含期待的目光凝视着他，总在那僻静的地方哼唱那些跟他学来的歌儿……我察觉到女儿的变化，有一天对她母亲暗示道：

“古丽娜怎么变得神不守舍的？”

“都是你干的好事，如果我们不来这儿，也不会有这个祸害，她连魂都丢了，一个人呆着也不读书。她整天就坐在窗前冥

① ئىلھام 灵感，启示，鼓舞。
② دەرەخنىڭ نوتىسى 树的嫩枝。
③ كۆكچىنىڭ شىرنىسى 可口奇，甜瓜的一种。
④ سېھرىي كۈچ 神奇的力量，魔力。
⑤ خالىي يەر 僻静的地方。

كەلگۈچە دېرىزىگە تايىنىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. تۇۋا، جاندىمۇ كېلىدۇ، كېپىنەكتەك باغقا قاراپ يۈگۈرەيدۇ، ناخشا، كۈلكە، ئىلەڭگۈچ[1]، ئۇسما[2]، ئەينەك ... ۋاي - ۋۇي، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالىدۇ.

— تېزرەك كېتەيلى ! — دېدىم مەن خاپا بولۇپ، — بۇنداق تەنتەكلىكنى بىلگەن بولسام، غۇلجىغا ئەكەلمەيتتىم. ھېلىمۇ ياخشى، جانىمۇ بىر قىز بالىدەكلا يۈزى تۆۋەن[3] بالىكەن، ئۈرۈمچىگە كەتسەك تېزلا ئۇنتۇپ قالىدۇ !

بىز مۇددەتتىن ئون كۈن بۇرۇن شەھەرگە، شەھەردىن ئۈرۈمچىگە قايتتۇق. گەپىمنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، قىزىمىزنى قاچۇرۇشقا توغرا كەلدى. مەن يالغۇز قىزىمنىڭ بىر ساۋاتسىز بالىغا كۆڭۈل بېرىشىنى خالايتتىممۇ؟ مېنىڭ قىزىم كېلەر يىلى ئونىنچىنى، يەنە ئۈچ - تۆت يىل ئوقۇپ ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىشى، مۆرىتى كەلسە[4] چەت ئەلگە چىقىشى لازىم، ئۇنى پارلاق ئىستىقبال كۈتىدۇ. جانىچۇ، ئېتىز، كەتمەن، خامان !... قىزىم بۇنى ئويلىمىغان بىلەن، مەن ئويلايمەن - دە ! ياشلىق ھېسسىياتىنى دەپ گۈزەل ئىستىقبالىنى قۇربان قىلىش قىزىم ئۈچۈن كۆڭۈللۈك بولغىنى بىلەن، مېنىڭ ئۈچۈن ئازاب - دە !... لېكىن شۇنىڭدىن باشلاپ قىزىمنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۇ كەم سۆز، خىيالچان بولۇپ قالدى، چىرايلىق كۆزلىرى ۋاقىتسىز ئولتۇرۇشۇپ، ئوماق بۇرنى قىڭراقتەك قىرلىق بولۇپ قالدى. مېنىڭ تەجرىبىلىك كۆزلىرىم بايقىدى: قىزىم ھىجران ئازابىدا ئۇيقۇسىز تۈنلەرنى، ئازابلىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئەنە شۇنىڭ كاساپىتىدىن قىزىم ئونىنچى سىنىپنى ئەلا پۈتتۈرۈشنىڭ ئورنىغا، ياخشى پۈتتۈرۈپ قالدى...

قىزىم ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا بارغاندا ئازدىن ھېلىقى ئازابلاردىن قۇتۇلۇپ، خېلى تېتىكلىشىپ قېلىۋىدى،

思苦想直到加尼回来。天哪，加尼一回来，她就象蝴蝶般地飞到果园，又是欢歌，又是笑语，荡秋千，抹奥斯曼，照镜子。哎呀呀，简直不知道干什么好”。

“快走吧！”我生气地说道。“如果早知道会有这等事，就不带她到伊犁来了。还好，加尼象个大姑娘似的，是个腼腆的孩子。等回到乌鲁木齐，她会很快就忘掉这一切的”。

我们提前十天回到了伊宁市，又从伊宁市回到了乌鲁木齐。说实话，不能不让我们的女儿避开，我怎么忍心让独生女儿去爱一个文盲呢？我女儿明年就要高中毕业了，再上三、四年大学，运气好的话，还能出国呢？光明的前途在向她招手。而加尼呢？成天和田地、砍土镘、麦草打交道，我的女儿想不到这些，可我替她想到了。对于为了爱情而毁了自己大好前程的女儿来说虽然很称心，但对我来说却苦不堪言。但从那以后，女儿的性格变了，话少了，总喜欢沉思默想，那对美丽的大眼睛失去了光彩，俊俏的鼻梁显得高了。凭我这过来人的眼光看：我的女儿正经历着分离的痛苦，度过一个个苦恋的难眠之夜。她本来可以以优异的成绩高中毕业，由于上述原因，她的毕业成绩降到了中等。

到了大学二年级，她才从那生离死别的痛苦中解脱出来，

① ئەلەڭگۈچ 秋千。
② ئوسما 奥斯曼，菘蓝的叶子，维吾尔族妇女用它描眉毛。
③ يۈزى تۆۋەن 腼腆。
④ مۆرىتى كەلسە 时机到来的话。

يەنە تۆيۇقسىزلا ئۆچكەن چۈچىلا[1] گۇركىرەپ يېنىشقا باشلىدى:

بىر كۈنى، ئۆيىمىزگە تۇيۇقسىزلا خۇرجۇن ـ قاچىسىنى كۆتۈرۈپ جانى كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ھېلىقى ئويناقچان كۆزلىرى ھازىر يىگىتلىك غۇرۇرى[2] بىلەن تولغان، تولۇق ۋە چىرايلىق يۈزى دادىسىنىڭ ياشلىقىنى ئەسلىتەتتى، ئۇ چايدىن كېيىن يېزا سوۋغا ـ سالاملىرىنى بىزگە سۇنغاندىن كېيىن مۆڭلىنىپ يەر-گە قارىدى:

— دادام بولغان بولسا بۇنداق قۇرۇق يولغا سالمايتتى، دادامنىڭ ئۆلۈمى بىزنى تۇزىتىۋەتتى[3]...

مەن نەبىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئەمدىلا ئاڭلىدىم، ياشلىرىم تاراملاپ ئاقتى. ئوغلىغا قىزىم ئاشىق بولۇپ قالغىنىغا ئاچچىق قىلىپ ئۇنىڭغا خەتمۇ يازمىغاندىم، قىلغان بۇ ئىشىمغا قاتتىق ئۆكۈندۈم.

— ھە، دېگەنىبىلەن سەن بولساڭمۇ كېلىپ يوقلىدىڭ مانا ... — ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن مەن شۇنداق دېدىم.

— دادام سەكراتتا يېتىپمۇ سىزنى تىلغا ئالدى، — دېدى جانى چۈچىلىق ياغلىقى[4] بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، — تېخى ئېغىر كېسەل ياتقاندا بىر كۈنى سىز ياخشى كۆرىدىغان «لەيلۇن»نىڭ ئۈچىنچى ناخشىسىنى غىڭشىپ ئېيتتى...

يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلدى. قەدىردان دوستۇم ئەمدى ماڭا ناخشا ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، تېخى ئۇنىڭ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن ناخشىلىرى بار ئىدى، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇ قىرىق نەچچە يىللا ياشىدىغۇ !...

جانى ئەسلىي كۆرەككە[5] كەلگەنىكەن. ئۇنى ئۇرۇمچىدە ئېلىپ قاپتۇ. قېرىشقاندەك، مەن شۇ يىلى مۇشۇ مەدەنىيەت ـ تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ يۆتكەلدىم. دېمەك، ئۇ مېنىڭ قول ئاستىمدا بولۇپ قالدى.

变得活泼起来。谁知熄灭的火焰又突然燃烧起来：

一天，背着马褡子的加尼闯进了我家。他那羞涩的眼神已经看不到了，取而代之的是小伙子所拥有的自豪，那饱满而又英武的脸庞，叫人想起他父亲年轻时代的模样。饭后他拿出了从乡下带来的礼物，忧伤地说：

“如果爸爸在世的话，绝不会让我这样空着手上路的，父亲一去世，我们这个家也就散架了……”

我这才知道乃比已经不在人世了，泪水禁不住流了下来。因为女儿爱上他儿子这事一直气不过的我，始终没她写过信，我深深地懊悔我所做的事情。“哎，你这不是来看我们了嘛！”沉默了好一会儿我才说道。

“我爸爸临终前还提到过你”，加尼用带穗手帕擦着眼泪说道。“在他重病卧床时，有一天还哼唱了你最喜欢的《莱依依》的第三乐章”。

我的心都要碎了。我最亲爱的朋友，你再也不能给我唱歌了，你还有许多没有唱完的歌，你才四十几岁呀！……

加尼是来参加会演的，后来就被留在了乌鲁木齐。说来也凑巧，我就在这一年调到这个单位负责，也就是说加尼就在我手下工作。

① ئۆچكەن چۆچىلا 熄灭的灰烬。
② يىگىتلىك غۆرۆرى 小伙子的气节。
③ بىزنى توزىتىۋەتمەك 使我们离散。
④ چۆچىلىق ياغلىق 带边带穗的手帕。
⑤ كۆرەك 调演，会演。

ئۇ پات - پات بىزنىڭكىگە كېلىپ - كېتىپ تۇردى. بۇ كۈنلەردە قىزىم قايتىدىن تولۇپ - ئېچىلىپ①، تېتىكلىشىپ كەتتى... مېنىڭ ئۈچۈن ئېغىر كۆڭۈلسىزلىكلەر باشلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر يىلغا قالمايلا جاننى يامان كۆرۈپ قالدىم. مەن ئايالىمغا ھەتتا:

— ئۇنىڭغا ئۇچۇق چىراي ئاچما②، ئۇنى بوسۇغىمىزغا يولاتما! — دەپ بۇيرۇق بەردىم.

مېنىڭ بۇيرۇقۇم قانچىلىك كۈچ كۆرسىتەلىسۇن؟ مۇھەببەتنى، ياشلار ئارىسىدا بولىدىغان تەشنالىقنى بۇيرۇق بىلەن يوقاتقىلى بولامتىمۇ؟ مەن بۇنداق قىلىشىمنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، يەنىلا شۇنداق قىلدىم: قىزىمغا ئايالىم ئارقىلىق جاننى كۆڭلىدىن چىقىرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردىم.

كىچىكىدىنلا مېنىڭ سۆزلىرىمنى مۇقەددەس قانۇن③ ۋە ئۆز ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىسى دەپ بىلىشكە ئادەتلەنگەن قىزىم جاندىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن، مەن قىزىمنى ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى قاپىقى ئىششىغان، روھى چۈشكەن، چىرايى سارغايغان④ ھالەتتە كۆرەتتىم، دېمەك، ئۇ كېچىچە يىغلاپ چىقاتتىكەن - دە، لېكىن قىزىمنىڭ كۆز يېشى، ئانىسىنىڭ يالۋۇرۇشلىرى مېنىڭ ئىرادەمنى قايتۇرالمىدى. چۈنكى، مەن قىزىمنىڭ ئىستىقبالىغا، ئۆز ئابرۇيۇمنىڭ دەخلىسىز بولۇشىغا ئىگە بولىدىغان ئاتىمەن.

— توۋا، نېمىسى يارىمايدۇ؟ — دېدى ئايالىم بىر كۈنى خۇرسىنىپ، — جانمۇ ئەمدى ساۋاتسىز دېھقان ئەمەسقۇ؟

— ھە، نېمە دېمەكچىسەن؟ — مەن ئايالىمغا دوق قىلدىم، — ئۇستۇۋېشىغا كاستۇم - بۇرۇلكا، بېشىغا ئاچا مالىخاي كىيى⑤ دېمەكچىمۇ؟ نازىرىنىڭ كۈيئوغلى باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئەرمەك بولسا يۈزۈڭ قىزارمامدۇ؟

— ئۆزىڭىزمۇ ناخشا خۇمارىغۇ؟

他常常到我们家来，在那些日子里，我的女儿也开始丰润活泼起来了，这加重了我的不快。不到一年，我就讨厌起加尼来，我甚至对妻子说：

“别给加尼好脸，让他别再进这门坎！”

我的命令又能起多大作用呢？爱情，年青人之间的爱恋是能用命令来驱散的吗？尽管我知道这是愚蠢的做法，可我还是这样做了：通过妻子命令女儿从心里把加尼抹掉。

从小就习惯于把我的话当圣旨和行为规范的文儿开始躲着加尼了。但我发现她每天早上眼睛红肿，情绪低落，面容憔悴，这就是说她彻夜痛哭不眠。但女儿的眼泪、妻子的央求都没有使我动摇，因为我是为女儿的前途，为自己的名望负责的一家之主。

“天哪，为什么就是不喜欢呢？”老伴有一天嘟囔着：“加尼现在已经不是那个没有文化的农民了”。我喝唬老伴说：

“你是想让我身穿西服洋装，头戴花毡帽吗？局长的女婿变成众人的笑料，你的脸往哪放？”

“你不也是歌迷吗？”

① تولۇپ - ئېچىلىپ 丰润。
② ئوچۇق چىراي ئاچماسلىق 不给好脸看。
③ مۇقەددەس قانۇن 圣旨。
④ چىرايى سارغايماق 脸色发黄。
⑤ ئۇستۇپىشىغا كاستۇم - بۇرۇلكا، بېشىغا ئاچا مالىخاي 身上穿西服洋装，头戴花毡帽，意思是不般配。

— مەن ناخشا خۇمارى، ئەمما ناخشا ـ سازنى ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلىدىغان نان قېپىلارنىڭ دۈشمىنى !

— نەبى... ئەمىسە...

— بولدى قىل !

ئايالىمغا قاتتىق ۋارقىرىدىم. ئايالىم چۆچۈپ، ئەندىكىپ كۆزلىرىمگە قارىدى، ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىدىن[1] مۆلدۈرلەپ ياشلار قۇيۇلدى. ئۇ قولى بىلەن يۈزىنى توراپ ئۆپكىدەپ يىغلىدى ۋە ئاشخانىغا چىقىۋېلىپ:

— ھېلىمۇ يالغۇز قىز بولغىنى، بىلسە جانىمۇ ئۆز بالىسىدىغۇ... ئاغىنىسىنىڭ روھى خۇش بولۇپ قالماسمىدى؟... بېشىنى سىلىغىنى[2] مۇشۇمۇ ئەمدى؟... — دېدى.

مېنىڭ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشقا تاقىتىم قالمىدى. شۇ كۈنى كېچىسى بىر ئاغىنەمنىڭكىدىن غەرق مەست[3] بولۇپ پىيادە قايتتىم. كوچا جىمجىت، شىلدىرلىغان ياپراقلاردىن[4] باشقا ھېچ ئاۋاز يوق. غۇۋا ئاي يورۇقىدا قول سىلىپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتىمەن. مەندە ھېلىقى خاپىلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بىزنىڭ دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى دەرەخلىكتىن بىرى مەست ئاۋازى بىلەن مېنىڭ ناخشامغا قوشۇلدى. ئۇ بىردە غىڭشىپ، بىردە ئەسەبىيلەرچە ئۈنلۈك ۋارقىراپ قوياتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا بىرنى تىللايتتى. ئۆزىچە غودۇڭشىيتتى. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم ۋە دەلدەڭشىپ تۇرۇپ ياخشى كۆرىدىغان ناخشام «لەيلۇن»نىڭ ئۈچىنچى ناخشىسىنى ئېيتتىم. مەست بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى ـ دە، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ دۈمبىسىنى دەرەخكە چاپلاپ، بېشىنى چاترىقىغا ساڭگىلىتىپ[5] بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى[6]. مەن ئۇنىڭ بېشىنى ئاستا كۆتۈردۈم. ئۇ كۆزىنىمۇ ئاچالمايتتى. مەن سەسكىنىپ كەتتىم، بۇ جانى ئىدى. ئۇنىڭ

“我是个歌迷，但我鄙视那些把歌、乐曲作为终身职业的人”。

“那乃比……”

“你有完没有？”我朝妻子恶声恶气地吼道。妻子惊恐不安地看着我。她那双漂亮的大眼睛里充满泪水，她双手掩面大哭起来，朝着厨房边走边哭道：

“你就这么一个独生女儿，加尼也是自己的孩子呀，这样你的朋友怎么会瞑目，难道你就这样关照他吗？

我无法再听下去，当天晚上，我到了一个朋友那儿，喝得酩酊大醉，我蹒跚地走在大街上，四周静悄悄的，除了脚下落叶的沙沙声外，死一般的寂静。在朦胧的月光下，我两手插在兜里哼着歌往家走，刚才的烦恼早已无影无踪。直对着我家窗户的树下，有一个醉鬼正附合着我唱歌。他忽而低唱，忽而高声狂吼，忽而大骂，忽而自言自语。我一步步地走近他，踉踉呛呛地站住唱起了我最喜欢的《莱依侬》的第三乐章。醉鬼一下安静了，接着就嚎啕大哭起来。我来到他身旁一看，他背靠着大树，脑袋耷拉在两膝之间抽泣着。我轻轻地把他的头搬起来，他紧闭着双眼。我震惊了，这竟是加尼。他的这些行为对于我来说是一种耻

① قوي كۆزلىرى 圆圆的眼睛，大眼睛。
② بېشىنى سىلىماق 关心，照料。
③ غەرق مەست بولۇش 大醉。
④ شىلدىرلىغان ياپراقلار 沙沙的落叶声。
⑤ بېشىنى چاترىقىغا ساڭگىلاتماق 头耷拉在两膝之间。
⑥ بۇقۇلداپ يىغلىماق 呜呜地哭。

بۇ قىلىقى ماڭا قاتتىق ھار كەلدى[1]، بىر نومۇسچان يىگىت مېـ-
نىڭ قىزىم ئۈچۈن بۇگۈن توپىغا مىلىنىپ ياتماقتا. مەن غەزەپـ-
تىن تىترەپ كەتتىم. ھاراق ۋە ناخشىدىن تاپقان خۇشاللىقىم
شۇنىڭ بىلەن توزغاقتەك[2] توزۇپ[3] تۈگىدى...

ئارىدا ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن...

شۇ چاغدا سىلىمجان يۇمشاق ياتقۇدىن چۈشۈپ يەنە ئايىغىنى كىيدى ـ دە:

— ئا جۇيجاڭ، مەن ھېلىقى جاننى باشلاپ كېلىمەن! — دەپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ياق، مەن ئۇنىڭ كېلىشىنى خالىمايمەن، ئۇ نەبىنىڭ بالىسى ئاشۇ جانى بولۇپ قالسا، بۇ بىر قورقۇنچلۇق ئىش بولمامدۇ؟

... شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن تۆۋەنكى ئىدارىـ-
لەردىن بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ مەسىلىلىرىنى بىر ياقلىق قىـ-
لىش توغرىسىدا دوكلاتلار كەلدى. مەن بۇ ئىشقا مەسئۇل بولغاچـ-
قا، بىرمۇبىر قول قويۇشۇم لازىم ئىدى. بىردىنلا «جانى نەبى»
دېگەن ئىسىمنى كۆرۈپ قالدىم. قوللىرىم لاغىلداپ[4] تىترىدى.
ئۇنىڭ ماتېرىيالىنى ئوقۇپ چىقتىم. ماتېرىيالدا «پارتىيىگە
قارشى» دېيىلگەن گەپ ـ سۆزلەر ئەمەلىيەتتە ماڭا قارشى گەپ ـ
سۆزلەر ئىدى. ئۇزاق ئىككىلەندىم، نەبىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتـ-
لىك چىرايى، ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ ماڭا بولغان ھۆرمىتى،
مېھماندوستلۇقى بىرمۇبىر كۆز ئالدىمغا كەلدى. مېنىڭ قەلـ-
بىم ئىككى ئېغىز سۆزنى ئوشۇق يازسىلا ئۇنىڭ تەقدىرى باشـ-
قىچە بولاتتى. قانداق قىلاي؟ پېشانەمدىن بۇژۇلداپ تەر چىقتى[5].
ئۇزاق ئويلاندىم. ئاخىر قىزىم كۆز ئالدىمغا كەلگەندىلا، ماڭا
جۇرئەت پەيدا بولدى ـ دە: «خەير، نەبى، مېنى كەچۈرگىن، ئوغـ-
لۇڭ ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلمىسا بولمايدىكەن، چۈنكى
سېنىڭ بالاڭنىڭ ئىستىقبالىنى دېسەم، ئۆز بالام ئىستىقبالسىز

辱，一个腼腆的小伙子为了我的女儿竟然仰面朝天地醉倒在泥泞里。我气得浑身发抖，刚才痛饮欢歌给我带来的愉快象柳絮一样飞散开去……

两个月过去了……

这时赛里木江从软卧上下来，穿上鞋子说道：

“阿局长，我去把那个加尼带来。”说完便出去了。

不，我不愿让他来。如果这孩子真是乃比的儿子加尼，这岂不是很可怕的事吗？

……就这样，两个月后，下属单位送来了一批需要审查的人员材料。因为我负责此事，所以每份材料我都要签阅。突然“加尼·乃比”的名字跳进我的视线，我的手不禁颤抖起来。我看了一下他的材料，材料上写的所谓反党实际是指他针对我的一些言语而已。我犹豫了好一阵，乃比那亲切慈爱的面容，他妻儿对我的敬重和热情好客又一幕幕地浮现在我的眼前。我只须说两句话，他的命运将会是另一个样子。我该怎么办？我的额头上渗出了汗珠，沉思良久，最后当女儿的面孔出现在我眼前时，顿时增添了勇气。“乃比，你就原谅我这一次吧，你的儿子只能从事农业劳动了，因为照顾了你的儿子的前途就意味着我女儿的大好前程将会丧失。对不起了朋友，就让你儿子按着你的足迹走吧，你不就是在乡下唱歌弹琴度过了一生吗？我会为你儿子

① هار كەلمەك 耻于，羞于。
② توزغاق (植)蒲棒，蒲纸，柳絮。
③ توزۇماق 飞散，飞扬。
④ لاغىلدىماق 发抖，打颤。
⑤ پېشانىسىدىن بۇژۇلداپ تەر چىقماق 额头滋滋地往外冒汗。

قالىدىغان ئوخشايدۇ، ئەپۇ قىل، دوستۇم، ئوغلۇڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىزى بىلەن ماڭسۇن، سەنمۇ ئۆز يېزاڭدا ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ ياخشى ئۆتۈۋېدىڭغۇ، ئوغلۇڭغا بەخت تىلەيمەن، ئوغلۇڭ خىزمەتتىن ھەيدەلسۇن...» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللىي سۆزى ئېيتتىم - دە، تۆۋەننىڭ پىكرىنىڭ ئاستىغا «قوشۇلىمەن» دەپ قول قويدۇم...

سېلىمجان قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىرىنىڭ شىپىلداپ ماڭغانلىقى ئاڭلاندى[1]:

— ئا جۇيجاڭ، مانا بايىقى ناخشىچى جانى، مانا بالىسى!

سېلىمجان ئۇلارنىڭ ئالدىدا يوگۇرۇپ كىرىپ، خۇشاللىقىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي تېپىرلاپ[2] يۈرەتتى. مەن ياتقۇدىن چۈشتۇم. ئالدىمدا بىر ئادەم ۋە ئۇنى يېتىلىگەن ئالتە - يەتتە ياشلىق بىر بالا تۇراتتى، باشلىرى ئاقارغان، كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇق ۋە چوڭقۇر قورۇقلار چىرمىغان، لېكىن بۇ كۆزلەر خۇدىسىز ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. مەن دەرھال ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم ۋە پەس ئاۋاز بىلەن:

— كەل، بالام، پويىز ياخشىمىكەن... — دېدىم. بالا دادىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈپ تۇرۇپ، مۇنچاق پاتۇرۇپ قويغاندەك[3] مۆلدۈرلەپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن ماڭا كۇلۇمسىرەپ قارىدى.

— بالام، ئېتىڭ نېمە؟

— ئابدۇل!

يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى. بۇ مېنىڭ يېزىمىزدىكى ئىسمىم ئىدى. ھازىر مېنى «ئا جۇيجاڭ»، «ئا تىڭجاڭ» دېيىشىدۇ، ئىسمىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆپچىلىك ئادەملەر تېخى بىلمەيدۇ.

مەن بالىغا سىنچىلاپ قارىدىم. بالا دادىسىنىڭ ياشلىق

的幸福祈祷的，你的儿子被开除公职了……”我自言自语安慰着自己，并在签署意见一栏中写了“同意”两字。

赛里木江回来了，从他的后面传来了细碎的脚步声。

“阿局长，这就是那个歌手加尼，这是他的孩子。”

赛里木江在他们面前忙前忙后，兴奋得不知怎么才好。我从床上下来，面前站着一个人，身后带着一个六、七岁的孩子。我看清了，我眼前站着的不是加尼，简直就是乃比。他头发已变白，眼睛周围布满了又密又深的皱纹，双眼黯淡无光，甚至有些叫人恐惧。我立即躲过了他的目光，低声说道：“过来，孩子，火车上好吗？”

孩子飞快地躲在了他爸爸的身后，两只漂亮的大眼睛看着我并朝我微笑了一下。

“孩子，你叫什么名字？”

“阿布都勒”。

我的心一下子揪了起来，这是我在乡下的名字。现在都叫我“阿局长”“阿厅长”，我究竟叫什么名字大家都不知道。

我细细端祥着孩子。这孩子简直就跟他父亲小时候，也就

① بىرنىمىنىڭ شىپىلداپ ماڭغانلىقى ئاڭلاندى 传来了细碎的脚步声。
② تېپىرلىماق (急得、痛得)跺脚，乱蹬腿。
③ مونچاق پاتۇرۇپ قويغاندەك 就象镶嵌的珠子一样。

ۋاقتىغا، يەنى مۇنۇ بوۋاي شەكلىگە كىرگەن جانىنىڭ بالىلىق ۋاقتىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. مەن ئۆزۈمنى نەگە قويۇ-شۇمنى بىلمەي قالدىم: مېنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى «قوشۇلىمەن» دەپ يازغان بىر ئېغىز سۆزۈم مۇنۇ جانىنىڭ تەقدىرىنى قانداق ئۆز-گەرتىۋەتكەن ـ ھە؟ مەن قول قويغان ۋاقىتمدا ئۇنىڭغا بەخت تى-لىگەن ئەمەسمىدىم؟ قېنى ئۇ بەخت؟ ۋاقىتسىز چۈشكەن قو-رۇقلار، ئاپئاق چاچ، دۈمچەيگەن گەۋدە ... مۇشۇلار بەخت بەلگى-سىمۇ؟ قېنى بالىنىڭ يېقىملىق چىرايى؟ قېنى ئۇنىڭ ئويناق، ئۇياتچان كۆزلىرى؟ مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم. گويا ئۇ ئاشۇ قورۇلۇپ قالغان، نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن مېنى كۆرۈپ تۇرغاندەك، مېنى جىملەۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. مېنىڭ بىردىنلا بېشىم ئايلاندى...

— ئا جۇيجاڭ، دورا ئىچىڭ !... — دېدى سېلىمجان مېنى يۆلەپ، — غەلىتە بولۇپ كەتتىڭىز... سىزگە كۆرسەتمىسەم بوپ-تىكەن... ھەرقانداق ۋىجدانلىق ئادەم بۇلارنى كۆرسە بىئارام بولىدۇ...

ئۇ مېنى يۆلەپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، پويىز دوختۇرىنى چاقىر-دى. راست دېگەندەك، قان بېسىمىم ئۆرلەپ 200 دىن ئېشىپ كەتكەنىكەن... ئەتىسىدىن باشلاپ، سېلىمجان ماڭا جانى توغرى-سىدا گەپ قىلمايدىغان بولۇۋالدى. لېكىن پات ـ پاتلا بىر ـ ئىككى سائەت يوقاپ كېتەتتى ۋە روھى چۈشكەن①، خاپا بولغان ھالدا قايتىپ كېلەتتى. ئۇرۇمچىدىن بېيجىڭغا كەلگۈچە بولغان ئۈچ كېچە، تۆت كۈندۈزلۈك سەپەر ئەنە شۇنداق خاپىلىق ۋە جىمجىتلىق بىلەن ئاخىرلاشتى.

بىزگە مەخسۇس كىچىك ماشىنا كەلگەنىدى. ماشىنىغا چىقىش ئالدىدا سېلىمجان ماڭا:

— ئا جۇيجاڭ ... سىز مېھمانخانىغا بېرىپ تۇرامسىز؟ مەن...

是这个已白发斑斑的加尼的童年时代一模一样，就象是一个模子托出来似的。我站也不是，坐也不是。当年我的一个“同意”，使加尼的命运落得这样悲惨，在我提笔签字的时候不是为他的幸福祈祷过吗？可幸福在哪里？那过早地布满眼睑的皱纹，满头的白发，弯曲的身子……这就是幸福的标志吗？孩子那亲切的脸庞在哪里？他那活泼、羞涩的大眼睛在哪里？我避开了他的目光。仿佛他那双深陷无光的眼睛就在盯着我、审视着我似的，我一下子头晕目眩起来。

“阿局长，您吃药！”赛里木江扶起我说，“你不舒服了，不让你看见就好了，凡是有良心的人看到他们都会不安的”。

他扶我躺下，去叫列车上的医生。果然我的血压超过了200。从第二天起，赛里木江在我面前再也没有提过加尼他们的妻。但他经常一出去就是一两个小时，并且回来时总是情绪低落，精神沮丧，很气愤不满的样子。从乌鲁木齐到北京的四天三夜的旅途中就是在烦恼不快和沉默不语中度过的。

给我们派的专车到了，上车前赛里木江对我说：

“阿局长，你是不是去宾馆？我……”

① روھى چۈشمەك 沮丧。

— ھە، جاننى ئورۇنلاشتۇراي دەمسىز؟

— بىز قارىمساق، كىم قارايدۇ، جۇيجاڭ؟ — دېدى سىپىلىمجان خىجىل بولۇپ، گويا يوشۇرۇن ئىشى ئاشكارىلىنىپ قالغان ئادەمدەك دۇدۇقلاپ[1]، — ئۇلار بېيجىڭنى بىلمەيدۇ ئەمەسمۇ...

— شۇنداق قىلىڭ، مەڭ، مۇنۇ پۇلنى ئۇلارنىڭ خىراجىتىگە ئىشلىتىڭ!

مەن ئۇنىڭغا بىر كاللەك پۇل[2] سۇندۇم.

— ئا جۇيجاڭ بۇ ...

— ئىشلىتىڭ، يەتمىسە يەنە ئىلاجىنى قىلارمىز!

سىپىلىمجان شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى، مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىگەنلىكىنى بايقىدىم.

«قانداق قىلاي، يوشۇرايمۇ ياكى خاتالىقلىرىمنى ئۇستۇمگە ئېلىپ ئەپۇ سورايدۇ؟ ئەپۇ سوراش ئۇنىڭغا قانچىلىك ئارام بولار؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ كۆزى قانداق قىلىپ قارىغۇ بولۇپ قالدى؟ بۇنىڭ ماڭا مۇناسىۋىتى يوققۇ؟ ئەلۋەتتە، ماڭا بۇنى بىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. تاياق، ياكى تۇرمە... كىملەر كۆرمىگەن؟ مەنمۇ بۇ نەرسىلەرنى كۆردۇمغۇ؟ ... دىلى ئازار يېمىگەن[3] كىم قالدى؟»

لېكىن قانداق ئويلىساممۇ، ئۆزۈمنى ئاقلىغۇدەك بىر سۆز تاپالمىدىم. مېنىڭ بىرلا ئېغىز سۆزۈم — «قوشۇلمەن»نىڭ ئاستىغا ئىسمىمنى ئۆز قولۇم بىلەن يازغانلىقىم ئۇنىڭ پېشكەللىككە ئۇچرىشىنىڭ[4] باشلىنىشى ۋە ئاساسىي سەۋەبى، بۇنىڭغا زادىلا گەپ سىغمايدۇ[5]. ئەمدىكى گەپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش، ھېلىھەم بولسىمۇ ئۇنى رازى قىلىش، كۆزىنىڭ ساقىيىشى، بالىلىرىنىڭ، قېرى ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ياخشى كۈن

“对了，你是说把加尼他们安排一下？”

“我不管还有谁会管，您说呢，局长？”赛里木江难为情地说道，就好象隐私暴露在光天化日之下似的，嘟囔着：“他们不是不熟悉北京嘛……”“好，就这么办。给你，这些钱拿去给他们开销。”说着我递给他一沓钱。

“阿局长，这…？”

“你拿去用，如果不够，咱们再想办法。”

我看到赛里木江激动得眼圈都发红了。

“怎么办，是把过失隐瞒过去，还是公开承认自己的错误，请求他们原谅？请求他原谅，他能有几分安宁吗？再说，他的眼睛又是怎么瞎的呢？当然，这于我没有关系，我也没有必要知道这些。大头棒、监狱，谁不曾见过？我不是就见过吗？……大家不都受过委屈吗？”

但我无论怎么想，也没有找到一个可以证明我清白的词语。我的一句话——“同意”，并在它下面亲手签上了我自己的名字，这就是他恶运开始的根本原因，任何语言也开脱不了这一事实，现在的问题就是去帮助他，无论如何要让他感到满意，治愈他的眼睛，为了能让孩子和老母亲以及兄弟们过上好日

① دۇدۇقلىماق 嘟囔。
② بىر كاللەك پۇل 一沓钱。
③ دىلى ئازار يېمەك 受委屈，受气。
④ پېشكەللىككە ئۇچرىماق 遇到倒霉的事。
⑤ گەپ سىغماسلىق 没说的。

كۆرۈشى ئۈچۈن ياردەم ۋە ئاتىدارچىلىق قىلىش[1]، مۇشۇ يول بىلەن ۋىجدان ئازابىدىن پەيدا بولغان يۈرەك يارىسىنى ساقايتىۋېلىش ...

مەن بۇنى قىلالايمەن، چۈنكى مەن ھازىرمۇ سۆزۈمنى ئاق-تۇرالايدىغان[2]، ئىمتىيازلىق ئادەممەن.

* * *

— رادىئو ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ناھايىتى كۆيۈمچان ئا-دەمكەن، ئا جۇيجاڭ، جانىنىڭ ناخشىلىرىنى تۆت قېتىم ئۇنئال-غۇغا ئالدى، جانىنىڭ ئەمگەك ھەققى ئۈچۈن تۆت يۈز نەچچە سوم پۇل بەردى، سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلدى[3] - دە، ئا جۇيجاڭ. ھەم-مىلا باشلىق سىزدەك كۆيۈمچان بولسا، ئادەملەر قانداق بەختلىك بولغان بولار ئىدى؟ لېكىن... ھەي...

— سېلىمجان، سىز ھېلىقى دوكلاتنى ئېلىپ مۇناسىۋەتلىك يەرلەرگە يوللاڭ، بىز كەتكۈچە جانى ھۆكۈمەت شتاتىغا ئۆتىۋال-سۇن[4]، بېيجىڭدىن كۆزى ساقىيىپ بارسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆ-زى خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالسا، ئۇنىڭ خەلققە تېگىدىغان پايدىسى كۆپ بولىدۇ. مەن بىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن سۆز-لىشىپ ھەممىنى پۈتتۈرۈپ قويدۇم. سىز رەسمىيەتلىرىنى ئۆ-تەشكە ماڭسىڭىزلا بولدى.

مەن جانىنى ھېلىھەم بولسىمۇ بەختلىك قىلماقچىمەن. مانا ئالدىمدا ئۇنئالغۇ تۇرۇپتۇ. رادىئو ئىستانسىسى ئۇنىڭ ناخشىلى-رىدىن ماڭىمۇ بىر نۇسخا ئېلىپ بەردى. قانداق ناخشىلار - ھە؟ مېھمانخانىنىڭ ئايرىمخانىسىدا ساپادا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، سائەت-لەپ - سائەتلەپ، قايتا - قايتىلاپ ئاڭلايمەن... ناخشا مېنى بېيـ-جىڭدىن بەش مىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر يەرگە، يەنى ئىلى دەر-

子，一定要帮助他，关心他，用这些来治愈折磨我良心的伤口……

我能做到这些，因为我现在说话还算数，还有些权力。

*　　　*　　　*

“广播电台的台长真是个热心肠的人，阿局长，他把加尼的歌录了四次，给了加尼四百多元的报酬，这都是看您的面子呀！阿局长，要是所有的领导都象您这样热心，还有谁会感到不幸呢？但是……噢……”

“赛里木江，你把那份报告送到有关部门，在我们走之前，把加尼纳入指标，从北京治好眼睛回来后再安排工作，他会为人们做些有益的工作。我跟有关部门已经疏通过了，你只去给他办办手续就行了。”

我要为加尼带来祝福。我前面摆着一台录音机，电台给我也送了一盒他的磁带，歌曲录得怎么样？我坐在宾馆单间的沙发上，反反复复听了几个小时……歌声把我从北京带到了五千几百公里外的伊犁河畔那空气清新、枝繁叶茂的果园中，带到

① ئاتىدارچىلىق قىلماق 作主，关照。
② سۆزۈمنى ئاقتۇرالايدىغان 我说话还算数。
③ سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلدى 看您的面子。
④ شتاتىغا ئۆتۈش 纳入指标。

ياسى بويىدىكى ساپ ھاۋالىق، بوك ـ باراقسان باغلارغا، سالقىن شامال، شوخ سۇلىرى جانغا ئارام بېرىدىغان[①] يېزامغا ئېلىپ كېتىدۇ. مەن كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ياشلىقىمغا قايتىمەن. ئاجايىپ گۈزەل چاغلار...

دوختۇرخانا، مېھمانخانا، يەنە دوختۇرخانا... كۈنلەر زېرىكىشلىك ئۆتمەكتە. لېكىن، مەن ھەرقېتىم پۇرسەت تېپىپ جانىنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل تۇگىمەس لەززەت، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغىنىنى سېزىمەن. راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ تېزرەك ساقىيىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىشىمدە تېببىي داۋالاش بىلەن بىللە، جانىنىڭ ناخشىسىمۇ چوڭ رول ئوينىدى.

مەن بىر نەچچە ئايدىن كېيىن دوختۇردىن چىقىپ قايتىشقا تەييارلاندىم.

— جانىنىڭ كۆزىنى داۋالاۋاتىدۇ، — دېدى سېلىمجان ماڭا خۇشال بولۇپ، — ساقىيىپ كېتىشىگە ئۈمىد چوڭ. سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەن ئۇنىڭ خىزمەت مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى. تۇنۇگۈن بىرىنچى قېتىم ئايلىق ئالدى. ئۇ تولىمۇ خۇشال. سىزنى سۈرۈشتۈردى، ئا جۇيجاڭنىڭ ئايالىنىڭ ئېتى نېمە؟ ئۆزىنىڭ ئىسمى ئابدۇلمۇ؟... — دەپ سوراپ كەتتى.

— سىز نېمە دېدىڭىز؟

— مەن... مەنما؟

— بىلىپ قويۇڭ، مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇل ئەمەس، ئۇنىڭ سۈرۈشتۈرگەن ئادىمىمۇ مەن ئەمەس.

سېلىمجان ئۇچۇن بىزنى تېپىشتۇرۇش[②] قانچىلىك كۆڭۈللۈك بولسا، مېنىڭ ئۇچۇن شۇنچىلىك قايغۇلۇق ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. مەن ئۆزۈمگە ئازاب تېپىۋالماسلىق ئۈچۈن، سىر ساقلىشىم لازىم.

了微风凉爽，流水潺潺，使人心旷神怡的故乡。我一闭上眼睛，就又回到了青年时代，那无比美好的时光……

我每天出了宾馆就进医院，出了医院回宾馆，这些日子过得烦闷枯燥。但每当我抽空听一会儿加尼的录音磁带时，我就感到无限的乐趣和对生活的热爱之情在我的全身翻涌。说真的，我能康复得如此之快，除了治疗之外，加尼的歌声起了很大的作用。

几个月后我出院，准备返回乌市了。

“加尼的眼睛正在治疗之中”，赛里木江高兴地对我说，“很有希望复明，在您的帮助下，他的工作问题当解决了。昨天，他第一次领了工资，那个高兴劲就别提了。他在打听您爱人的名字，还问您的名字是不是叫阿布都勒？’

“你是怎么说的？”

“我？您是问我？”

“你告诉他。我不叫阿布都勒，他要找的那个人也不是我。”

我们这次相遇，让赛里木江有多称心如意，就让我有多伤心和恐惧。为了不再自寻烦恼，我必须保守这个秘密。

① جانغا ئارام بەرمەك 心旷神怡。
② تېپىشتۇرماق 说合；使相会，使相遇。

*　　　*　　　*

يۈرەك يارىسىنى داۋالايدىغان دوختۇر بارمىدۇ؟ ئازار يېگەن دىل ئۈچۈن ئازار بەرگۈچىنىڭ پۇشايمان قىلىشى، تەسەللى بېرىشى قانچىلىك ئارام؟ بۇ خۇددى دارغىغا شۇك چىقىرىش[1]، قېرىغان يۈرەكنى ياشارتىشقا ئۇرۇنغاندەكلا بىر ئىشكەن. ئازار يېگەن يۈرەكنىڭ يارىسىنى ساقايتىمەن دەپ، ئۆتكەن ئىشلارنى يادىغا سېلىۋەرسەڭ، ئۇ يارا تېخىمۇ يامانلىشىدىكەن...

مەن بېيجىڭدىن ساقىيىپ قايتتىم. كەلگەندىن بېرى ئۆيدىكىلەرگە جانى توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىدىم. لېكىن، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلدىم. يېقىندا سېلىمجان جانىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، كۆزى ياخشى بولمىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن قېرىلارغا خاس بولغان يۇمشاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇنىڭغا ئېچىندىم. ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى ئەسلەشنى ئەڭ چوڭ كۆڭۈل ئارامى بىلىدىغان بىزدەك قېرىلار ئۈچۈن، سادىق دوستلارنى، پۈتۈن ھاياتىدا ساڭا بەخت ۋە خۇشاللىق كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا ئىنتىلگەن كۆڭۈلچەك دوستلارنى ئەسلەش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش.

مەن ھەر كۈنى كەچقۇرۇن يالغۇز خانەمدە[2] ئولتۇرۇپ ياشلىقىمنى، قىممەتلىك دوستلىرىمنى ئەسلەيمەن. مانا شۇنداق قىلىپ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى[3] بىلەن دەككە ـ دۈككىگە چۈشىدىغان[4] كۆڭۈلسىزلىكلەرنى نېرى ھەيدەيمەن.

خىيالمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر بايلىق. ئىنسان خىيال بىلەن مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپ، ئۆزىنى بەختلىك قىلالايدىغان خىيالپەرەس مەخلۇق.

كۆزۈمنى يېرىم يۇمدۇم. پىيالىدىكى قايناق چايدىن چىقىۋاتقان يۇمشاق ھور بىردىنلا ئاق بۇلۇتقا ئايلاندى، ئۇ بۇلۇتلار تاغنىڭ چوققىسىغا قونۇش ئۈچۈن تۆۋەنلىدى. مەن خىيال قاناتـ

*　　　　*　　　　*

不知有没有能治愈心灵创伤的医生，对于那颗受伤的心来说，从伤害者们的忏悔和安慰中能得到多少安宁呢?这就象给绞架上的人解去绳索，给衰老的心注入青春的活力一样。为了让那心灵的伤口愈合，整天陷入往事的回忆之中，那个伤口还会裂开的……

我从北京痊愈而归，回来后，有关加尼的事对家人只字未提，但我竭尽全力地帮助了他。最近赛里木江告诉我，加尼回来了，但眼睛没有复明。

我以老年人那特有的怜悯之心替他惋惜。对于我们这些把回忆青春年华为作为最大乐趣的老年人来说，怀念忠诚的朋友，缅怀力图给你一生带来幸福欢乐的挚友，那真是莫大的享受。

我每天晚上独自坐在书房里，回忆年青回你，怀念真挚的朋友，以此来驱散死亡的恐怖和我心中的郁闷。

遐想有时也是一种财富，人类就是通过想象达到自己的目的，使自己幸福起来的富于幻想的生物。

我半合着眼睛，从茶碗中升腾出来的热气一下子变成了白云，那白云为了缭绕高耸的山峰而徐徐下降。我展开想象的翅

① دارغىغا شوٗك چىقارماق 解绞架上的绳索。
② خانەم 书房。
③ ۋەھىمە 恐惧，恐怖，幽灵。
④ دەككە - دوٗككىگە چوٗشمەك 恐惶不安。

لىرىم بىلەن ئىلى دەرياسى بويىدىكى قويۇق توقايلىقتا① چۇ-
شۇپ، كىگىز ئۈستىدە يانپاشلاپ ياتتىم. ئالدىمدا دەريا شاۋقۇن
بىلەن ئېقىۋاتىدۇ، بېشىمدىكى تال شېخىدا بۇلبۇل مەست بو-
لۇپ سايراۋاتىدۇ، قەدىردان ئاغىنەم نەبى مېنىڭ كۆڭلۈمنى
كۆتۈرۈش② ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دۇتار چېلىۋاتىدۇ، ئۇ-
نىڭ قارايغان، قاتمال بارماقلىرىدىن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ئا-
دەمنىڭ يۈرىكىگىلا بېرىپ تېگىدىغان ئاۋاز دولقۇنلىرى ئاجرى-
لىپ چىقىدۇ - دە، سېھىرلىك كۈچ بىلەن ئادەمنى مەست قىلى-
دۇ، بۇلبۇل نېمىشقا شاختىن - شاخقا سەكرىمىسۇن، نېمىشقا
چاقىلداپ سايرىمىسۇن ... مانا نەبى ناخشا ئېيتماقتا. ۋۇي، نې-
مىشقا بېشىنى دۇتارنىڭ يۈزىگە يېقىۋېلىپ ئېيتىدىغاندۇ، بۇنداق
قىلمايتتىغۇ...

— ئاڭلاۋاتاملا؟ ناخشا... جانى...

مەن خىيالدىن چۆچۈپ، ئايالىمغا قارىدىم. ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ
ماگا رادىئونى شەرەت قىلىۋېتىپتۇ③. خىيالىم بىلەن ئوخشۇم ئا-
رىلىشىپ كەتكەنىكەن - دە.

— جانى ! — دېدى ئۇ تەكرارلاپ، — نەبىنىڭ ئۆزىلا - ھە؟

دالاندىكى ئۆزۈن ساپادا قىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان گۇل-
ناردىن ئەنسىرەپ ئايالىمغا ئالىيىپ قارىدىم. ئۇ قورسىقىمدىكى-
نى دەرھال چۈشەندى - دە، ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

— بالىلىق چاغلىرى... يادىدا تۇرامدۇ، ھازىر ئېرى بىلەن
ياخشىغۇ، مانا ئۈچ باللىق بولدى. ئەمدى ئۇنى ئاياپ كەتكى-
نىنى ! — دېدى.

ناخشا، يۈرەكنى ئېزىدىغان④ مۇڭلۇق ناخشا، ئارمان ۋە ئې-
چىنىش تۇيغۇلىرى بىلەن پىشقان تونۇش ناخشا. كۆزلىرىم تو-
مانلاشتى، بېشىم ئېغىرلاشتى. ماگا ئۆمۈر بويى خۇشاللىق بې-

膀，降落在伊犁河畔茂密的灌木丛中，仰面躺在毡子上，眼前的河水波涛翻滚，头顶上柳枝桠上的布谷鸟如痴如醉地鸣唱不休。我最诚挚的朋友乃比为了让我开心，全神惯注地弹着都塔尔，从他那满结着老茧的手指间流淌着用眼睛所看不到的振憾人心的声浪，凭着神奇的魅力叫人陶醉。布谷鸟怎么能不在枝头上欢唱，怎么能不婉转啼鸣呢？这是乃比在弹唱啊！噢，为什么他把脸帖在都塔尔上？他可从不这样呀……

“你在听吗？这歌儿……加尼……”

我从遐想中惊醒，看着妻子。她正含笑地望着我，并用目光朝收音机示意了一下，我原来正处在遐想和梦幻之间：

“加尼”她重复着加尼的名字。“和乃比没有两样，是吗？”

我担心被外屋长沙发上抱着孩子的古丽娜听到，便瞪了妻子一眼。她马上领会了我的意思。叹息道：

“那些孩童时代的事她还总记着吗？现在不是和丈夫过得很好吗？已是三个孩子的母亲了。看你，怎么怜惜起她来了！”

歌声，这让人心碎悲凄的歌声，这充满惆怅和忧伤为我们所熟知的歌声，使我的眼睛蒙上了一层雾，头也感到沉重起来。

① توقايلىق 灌木。
② كۆڭلىنى كۆتۈرمەك 使开心，取悦。
③ شەرەت قىلماق 暗示，使眼色。
④ يۈرەكنى ئەزمەك 叫人心碎。

غىشلاشقا ۋەدە قىلغان ئىلى ناخشىسى بۈگۈن نېمىشقا يۈرەكىنى ئېزىدۇ، نېمىشقا مۇڭلاندۇرىدۇ؟...

جىمجىت، گۈلنارنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغان نەۋرەملا ئارىلاپ - ئارىلاپ مىدىرلاپ قويىدۇ. جىمجىت، ناخشا ياڭرىماقتا، مەن يەنە خىيال دېڭىزىغا شۇڭغۇپ، ياشلىقىمغا قايتقان بولاتتىم، بىردىنلا بىرىنىڭ ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. قارىسام، گۈلنار يىغلاۋېتىپتۇ. مەن قىزىمنىڭ كۆز يېشىنىڭ نەۋرەمنىڭ يۈزىگە چۈشكىنىنى كۆرۈپ قالدىم.

مانا، گۈلنارمۇ ياشلىقىنى ئەسكە ئېلىپ ئازابلانماقتا، دېمەك، ئۇنىڭ قەلبىدىمۇ جاراھەت قالغانىكەن ① — دە...

مەن بېشىمنى چاڭگاللاپ تۇتۇپ يەرگە قارىدىم: قىزىمدىن ئەپۇ سورايمۇ؟ ئەپۇ سوراش ئۇنىڭغا قانچىلىك ئارام بېرەر؟ ياق، بۇنىڭ ھاجىتى يوق.

مەن ئۆزۈمگە قاتتىق ۋەدە بەردىم. جاننىڭ كۆزىنى ئۆزۈم داۋالىتىپ ساقايتىمەن. تۆت كۆن بولسىمۇ، ئۇ باللىرىنى، يېقىنلىرىنى كۆرۈۋالسۇن، ئۇ مېنىڭدىن رازى بولۇپ قالسۇن، شۇ يول بىلەن مۇنۇ قىزىمنىڭ يۈرەك قاتلىمىدىكى نامەلۇم چىگىشلەر يېشىلىپ قالار. قېرىغىنىمدا بولسىمۇ يېقىنلىرىمنى رازى قىلىپ دۇنيادىن ئۆتەي...

لېكىن، بىردىنلا نەۋرەم يىغلاپ كەتتى. دېمەك، كۆز يېشىدىن ئەندىكىپ ئويغانغان ئوخشايدۇ. مەن ئەلەم بىلەن پىچىرلىدىم: جاننى بىر يول بىلەن خۇش قىلارمەن، بەلكى ئۇ رازى بولۇپمۇ قالار، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارمان بىلەن ئۆتكەن ياشلىقىنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ②. قىزىم، داداڭنى دورىما: داداڭ ئۆز بەختى ئۈچۈن قىزىنى بەختسىز قىلدى. سەن بولساڭمۇ قىزىڭ ئۈچۈن بەخت تىلە. ھەرگىزمۇ ئۆز بەختىڭ ئۈچۈن قىزىڭنىڭ

给我一生带来愉快欢乐的伊犁民歌，怎么今天叫我心碎，让我忧伤起来?……

一片寂静，只有在古丽娜怀中熟睡的孩子不时地动几下，还是那么安静，只有歌声在屋中荡漾。我又沉浸在回忆的海洋中，回到了我的年青时代。我突然听到了撕人心肺的哭声，睁眼一看，是古丽娜在哭泣。女儿的眼泪落在了孙女的脸上。

是啊，古丽娜回想起了年青时的往事，也在伤心呢！这就是说，她的心灵上也有创伤呀?……

我双手抱头看着地下：向女儿道歉吗?道歉又能给她多少安慰?不，没有这个必要。

我向自己发誓，我一定要用自己的力量让加尼的眼睛复明，那怕只能看到孩子和亲人一眼，让我得到他的宽恕，以此来解开女儿心中那无名的疙瘩。就是老了，也要让我的亲人满意之后我再离开这人间……

然而孙女又大哭起来，也许是母亲的泪水惊醒了她。我痛苦地喃喃自语道："我要想办法让加尼幸福，也许会让他感到满意的，但他们在痛楚中度过的青春年华则一去不复返了。我的女儿，不要学你的父亲，你的父亲为了自己的幸福让女儿痛苦一生。你可要为你的女儿祝福，绝不要为了自己而牺牲你的女

① قەلبىدە جاراھەت قالماق 心灵上有创伤。
② قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ 一去不复返。

بەختىنى قۇربان قىلما. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ بەخت ئارزۇلىـ-
رىنى ئۆز نەپسى ئۈچۈن قۇربان قىلىۋەرسە، بىزنىڭ شورىمىز
قۇرۇيدىكەن...

1981 ـ يىلى 5 ـ ئاي، بېيجىڭ

儿,父母亲如果为了自己的愿望而葬送儿女的幸福,那将会酿成更大的不幸……

1981年5月,北京

# ساداقەت

مەقسەتسىزلا ئېتىز ئارىلىدىم. كەچ كۈزنىڭ كۆچسىز ئاپ-تىپى تەرلەتكەندىن كېيىن ئېتىز ئارىسىدىكى يالغۇز قارىياغاچ تۈۋىدە شىۋاقلىق① ئۈستىگە ئولتۇردۇم. خۇددى يالغۇز قارىيا-غاچ مېنىڭ يۈرەك يارامنى بىلىدىغان ئادىمىمدەك بىلىندى، ئۆت-كەن يىللارنىڭ يالدامىسى — ئاقارغان چاچلىرىمنى سىلىدىم - دە، قارىياغاچقا سىنچىلاپ قارىدىم.

... ئېتىزلار ئارىسىدا غۇلاچ كېرىپ تۇرغان بۇ قارىياغاچ تالاي ئىشلارنىڭ② گۇۋاھچىسى. ئۇنىڭ بوۋاقتەك يۇمران چاغلى-رى ئۈچ يۈز نەچچە يىلنىڭ نېرىسىدا قالغان. ئۇ ھازىر ھاياتىدا كۆرگەنلىرىنى ئەسلەپ، مۆگدەپ③ ئولتۇرغان ئاقۇاش ئانىغا ئوخشايدۇ، مۈكچەيگەن، كۈزنىڭ خۇنى، چىرايىنىڭ ئىسكەتى تۆكۈلگەن. ئۇنىڭ سۆڭەكتەك ئاقارغان شاخلىرى گويا ئانىنىڭ ئاپئاق چېچى، غۇلاچ يەتمەيدىغان غولىدىن قايناپ چىققان دېۋىر-قاي ئانىنىڭ ھەسرەتلىك كۆز يېشى. ئۇنىڭ ئاۋات - كۆڭۈللۈك چاغلىرىمۇ بولغانىدىغۇ !... تومۇزدا چاڭقىغان كاككۇك كۆڭۈل-لۈك يازدا ئارامىلىق ئىزدەپ ئۇنىڭ شېخىغا قونىدۇ ۋە تىلىنى چىقىرىپ تامىقىنى لىپىلدىتىپ قويۇپ، ھالسىزلىق بىلەن «كاككۇك !»، «كاككۇك !» دەپ مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ. كەچتە قۇشقاچلار ئۇنىڭ شاخلىرىغا توپ - توپ بولۇپ قونۇۋېلىپ ۋى-چىرلىشىدۇ...

مانا بۇ ئاۋات، كۆڭۈللۈك چاغلار.

# 忠诚

我毫无目的地漫步在田野里，晚秋那无力的太阳让我出了一身汗，然后我便坐在田间那棵唯一的榆树下的蒿草上，孤独的榆树防佛就是知道我心灵的创伤似的，我抚摸着过去的日子给我留下的纪念——灰白的头发，目不转睛地看着榆树。

田野里的这棵粗壮的榆树是许多往事的见证人。它那婴儿般嫩绿的时代已过去三百多年了。现在它回忆一生中的所见所闻，就象是一个坐着打盹的白发老妪，她伛偻着腰，老眼昏花，往日的容颜已消退。她那象骨头似的发白的枝条，仿佛老母亲头上的苍苍白发，从这棵粗壮的树干上渗出的树胶就是母亲伤心的泪。它不是也有过茂盛的枝叶吗？！……酷暑焦渴的布谷鸟在夏季寻找安逸，落在它的树枝上，伸着舌头，闪动着眼珠，有气无力地"布谷"！"布谷"！倾诉着自己的爱恋。夜里，麻雀成群结队地落在这棵树的枝桠上，唧唧喳喳叫个不停……

这真是个热闹非凡叫人惬意的时节。

① شۋاقلىق 蒿草地。
② تالاي ئىشلار 许多事情。
③ مۈگدىمەك 打盹儿，打瞌睡。

ياز كېتىپ، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى شاخلار بىلەن خوشلىشىپ يەرگە قاراپ ئۇچقانىدىچۇ؟ ئۇ چاغدا قارىياغاچ مۇساپىر كەپىسىدەك ھۇيقۇپ قالىدۇ. كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى[1] ئۇنىڭ نازۇك شاخلىرىنى تىترىتىدۇ ۋە غىڭشىلدىتىدۇ...

لېكىن يالغۇز قارىياغاچ تۇنجى قاردا يېڭىچە ھۆسن تاپىدۇ. ئۇ ئاپئاق كىيىم ۋە باھار گۈللىرىدەك قار چېچەكلىرى بىلەن بېزىلىدۇ. ئۇ كۆزنى چاقىدىغان ئاپئاق دالىدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىدەك ھەيۋەت ۋە سىرلىق كۆرۈنىدۇ...

... لېكىن قىش گۈزەللىكىنى ئەتىيازنىڭ سېرىق شامىلى[2] نابۇت قىلىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ شاخلىرىدىكى ئاخىرقى مەرۋايىت كرىستاللارمۇ ئېرىپ، مۇڭلۇق قىزنىڭ كۆز يېشىدەك تامچىلاپ تۆكۈلىدۇ... بىراق ئۇنىڭغا مۇڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھ ئەمەس، ئۇنىڭ شاخلىرىدا ھاياتلىق يەنە جەۋلان قىلىدۇ، يالتىراق يوپۇرماقلارنى شاخلارغا قوندۇرۇش ئۈچۈن باھار ئەلچىسى بولۇپ پورە چېچەكلىرى[3] ئۇنى چۆمكەيدۇ...

مانا بۇلار يالغۇز قارىياغاچتا ئۈچ يۈز نەچچە يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تەكرارلىنىش.

بۇ تەكرارلىنىش مېنىڭ ھاياتىمدىكى خۇشاللىق بىلەن قايغۇنىڭ تەكرارلىنىشىغا ئوخشاش بولماي نېمە؟ مەن شۇ تاپتا ھاياتىمدىكى چېچەكلەر: ئايالىم ۋە بالىلىرىمدىن ئايرىلدىم. ئايالىمنىڭ سەۋەنلىكى مېنى ئۆۋىسىز قۇشقا ئايلاندۇرۇپ قويدى. لېكىن مەن كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان[4] كۈنلەرنى ئەسلەشنى خالىمايمەن. ھاياتىن كۆڭلۈم سۇ ئىچسۇن، ماڭا خۇشاللىق، ناۋاتتەك تاتلىق ئەسلىمىلەر كېرەك.

مۇنداق ئەسلىمىلەر ھاياتىمدا ئاز بولدىمۇ؟

— يادىڭدىمۇ، قارىياغاچ، مەن بىر قېتىم تۈۋىڭدە ئولتۇرۇپ نېمىگە تەلمۈرگەنتىم؟ ئۇنىڭغا نەچچە يىل بولدى؟

夏天过去了，榆树的叶子同树枝告别，纷纷飞落在地面上。此时，榆树好似流浪者的茅舍，冷冷清清，晚秋刺骨的寒风，吹得那些细枝瑟瑟发抖，并不停地呻吟着……

但这棵孤独的榆树在初雪中旧貌换了新颜，这白色的新衣并同那春花般的雪花装点着它，它在耀眼的白茫茫的原野里就象天上下凡的仙女，显得那般神气，那般的神秘……

当冬天的美丽刚被春天的风沙毁坏，它的枝桠上最后那颗珍珠般的结晶体也融化了，好似忧伤的姑娘的眼泪，一滴一滴地流个不停……但悲戚不会永远地伴着它，生机在它的枝条上飘动，为使油亮的嫩叶在树枝上安营扎寨，春天的使者合子花将它紧紧地裹在怀抱中……

这正是孤独的榆树三百多年来从不间断过的重演。

这种重演不是我一生中喜怒哀乐的反反复复，又是什么呢？此时，我生命中的花朵——妻子和孩子离开了我，妻子的过失使我变成了没有巢的鸟，但我不愿回首使我心绪不佳的那些日子。让我从生活中吸取养分吧，我需要欢乐，需要象冰糖一样甜蜜的回忆。

这种往事在我的一生中还少吗？

“你还记得吗，老榆树？我有一次坐在你的脚下，盼望着期待着什么，它有多少年了？

① ئىزغىرىن شامال 凛冽，刺骨的风。
② سېرىق شامال 黄风，即夹带着沙土的风。
③ پورە چېچەكلىرى 合子花，即榆钱。
④ كۆڭلىنى غەش قىلماق 心情沉闷。

— يىگىرمە تۆت يىل، — دېدى قارىياغاچ كۈلۈپ قويۇپ.

ئۇ چاغدا مەن هايات لەززىتىنى چەكسىز بىلىدىغان، كۆڭلى يورۇق، دىلى تازا، ئون توققۇز ياشلىق يىگىت ئىدىم.

چۈشلۈكى چالغىچىلار① تاۋۇز بىلەن يۇمشاق نان يەپ، كەچ كۈزنىڭ يۇمشاق چۆپى ئۈستىدە ئولتۇرۇشقاندا، مەن مۇشۇ قارىياغاچ تۈۋىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ قوشنا مەهەللىگە قارىدىم: قىپ-قىزىل ئۆرۈك يوپۇرماقلىرى، ئۆگزە تورخۇنلىرىغا قادالغان قاغداللىق شاخلاردىكى پەمىدۇر - لازىلار، ئۆگزىلەرگە ئاپتاپقا سېلىنغان قىپقىزىل چاقما كاۋىلار... كۈن نۇرىدا پىشىپ تاۋلانغان ئېتىزلار ۋە باغدىكى مېۋىلەر مەهەللىنى قىزىلگۈللۈك يېشىل داستىخانغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. مەن ئاشۇ قىزىللىق ئىچىدىكى مەهەللىدىن بىرلا نەرسىنى، يەنى دائىملا قىزىل سەتىندىن كۆڭلەك كىيىپ، ئۈچ بۇرجەك قىزىل ياغلىق تېڭىپ يۈرىدىغان قىزنى ئىزدەيتتىم.

ئەنە، دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ پاكار ئۆگزىلىك ئۆيى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ياقتىن كېلىدىغان ئاۋازلارنى سەگەك قۇلىقىم ئاڭلاپ تۇرىدۇ. مانا، قورۇق تېمىغا چۈجە خوراز چىقىپ چىللىدى. سۈڭگۈچ يېنىدىكى گۈناۋازلىق ئېرىق قىرىدا بولۇتقا تاقىشاي دەپ تۇرغان ئىككى توپ سۆۋادانىنىڭ شاخلىرىدا قاغىلار قاقىلداشتى. قوشنا ئايال ئاۋازىنى سوزۇپ، بەڭۋاش بالىسىنى تۇۋلىدى... قىز بېغىغا چىقسا، مەست كاككۇكتەك بىرلا قاقاقلاپ كۈلسە، مەنمۇ خۇددى تەر بىلەن كېسەلدىن يەڭگەن ئادەمدەك، ئازابتىن قۇتۇلغان بولماسمىدىم؟

كۆز ئۇزمەي ئۇلارنىڭ بېغىغا قاراپ تۇرىمەن: ئەنە، ئۇلارنىڭ تونۇرىدىن ئاۋۋال قاپقارا ئىس، ئاندىن يالقۇن كۆتۈرۈلدى. بېشىنى لۆڭگە بىلەن چېگىپ، ئەسكى چاپاننى ئۆرۈپ كىيىۋالغان ئايال ئۇزۇن كۆسەي بىلەن تونۇرنى چوخچىلىدى. ئاشۇ باغنىڭ

"二十四年了",老榆树笑着说。

那时,我正是一个只知道生活有无限的乐趣,胸怀坦荡,心地纯洁,身体健康,十九岁的毛小伙儿。

中午,割草的人们吃着软馕和西瓜,坐在晚秋柔软的草上的时候,我却孤独地坐在榆树下,望着邻街:红彤彤的杏树叶,插在屋顶烟囱上的树枝挂满了西红柿,红辣子,房顶上晒着的红南瓜……在阳光下闪烁着金色光芒的田野和果园里的累累果实使居民点可以和绣着红花的绿色毯子相媲美。我从那被红色包围着的居民点中寻找的唯一东西,就是常常穿着用红色缎面布做成的连衣裙,用红色的三角巾围着头的姑娘。

那不,绿树丛中露出了他们矮小房顶的屋子,我警觉的耳朵可听到从那边传来的声音。这不,小公鸡在围墙上鸣叫着,墙根水沟旁的两棵钻天杨树枝上的乌鸦呱呱地叫着,邻居家的女人拉长了声音叫着顽皮的孩子……姑娘如果能来到果园,象醉人的布谷鸟一样,银铃般地笑起来,我不就会象从病魔中获得新生的人一样,从苦海中解脱出来吗?

我目不转睛地盯着他们的果园,他家的馕坑里先是冒着一股股的浓烟,后来窜出了火舌,用毛巾包着头,穿一件破衣服的女人用一根长长的拨火棍捅着馕坑。就在那个园子的茬子地

① چالغۇچى 割草的人。

ئېگىزلىقىدا بىر يالاڭغىداق① بالا قىسرەمدىنىڭ ساغرىسىغا مىنىۋېلىپ ئۇنى موڭگۈرتتى②. ئەنە، پەلەمزىسىگە لىق سامان بېسىلغان دېھقان هارۋىسى كوچىدا كېتىۋاتىدۇ. سامان ئۈستىدە ئولتۇرغان ئاق مالىخايلىق يىگىت قايسىدۇر بىر هويلىغا ۋاشاڭ③ سويمىسى ئاتتى ۋە بۇ يېزا چاقچىقىدىن هوزۇرلىنىپ قاقاقلاپ كۈلدى. ئەنە، خەتنىسىگە ئاتلاندۇرۇلغان④ بەختلىك بالا ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرماقتا، ئۇ ئاجايىپ ياساندۇرۇلغان: بېلىگە يىپەك پوتا باغلانغان، بېشىغا قۇلاقچا كىيدۈرۈلگەن، پوتىسىغا هەر خىل ياغلىقلار چېگىلگەن، ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئاتلىق ئاغىنىلىرى ئەگىشىۋالغان، بالىنىڭ ئېتىنى بىر ئاتلىق يىگىت يېتىلىۋالغان، ئۆي ـ ئۆيلەردىن ئاياللار چىقىپ پەتنۇس بىلەن بالىغا كۆرۈملۈك بەرمەكتە، ياغلىق چىگمەكتە. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئۆي بېسىپ تويغا ئېيتىپ يۈرمەكتە...

قىزىل كۆڭلەكلىك قىز ئۆيىدىن چىقسا، تۇندە يانغان سەرەڭگىدەك يالت ـ يۇلت قىلىپ قويۇپ بولسىمۇ كۆزدىن يىتسە، مەيلى ئەمەسمىدى؟ مەن خىيالغا چۆشتۇم... لېكىن مېنى بۇ خىيالدىن بىرى ئويغىتىۋەتتى.

— ئۇ كىم ئىدى، قارىياغاچ؟

— هە، ئۇمۇ؟ — دېدى قارىياغاچ غازاڭسىز شاخلىرىنى شالدىرلىتىپ قويۇپ، — ئۇ كىم بولاتتى، مىرا بولمامدۇ، ئۇ مېنىڭ دوستۇم، ياق، مېنىڭ بالام، لېكىن ئۇ هازىر مېنىڭدىن قېرى، سەن ئۇنى نېمىشقا يوقلىمايسەن؟ ئۇ پات ـ پات كېلىپ مېنىڭ شاخلىرىمغا ياغلىق باغلاپ قويىدۇ!

... شۇنداق قىلىپ، مىراكام دۇمبىسىدىكى ئېغىر يۈكنى قىرغا ئاۋايلاپ قويدى ۋە ماڭا قاراپ:

— هەي، يارى، ماۋۇ كۆرپىنى يەرگە سالغىنا، — دېدى.

مەن مىراكامغا چۆچۈپ قارىدىم.

里，一个光着脚的孩子骑在牛上赶着走。那不，装满了麦草的马车从街上走过来了，麦草上坐着个头戴白毡帽的小伙子，不知向哪个院子里扔进一串结在瓜秧上还未长熟的甜瓜，并为农村这种独特的玩笑哈哈大笑起来，那不，准备进行割礼的孩子神气十足地骑在马上，他打扮得很奇异：腰间系一根丝腰带，头戴一顶皮帽子，腰带上系着各种各样的纱巾。他后面跟着几个骑马的伙伴，孩子的马由一个骑马的小伙子牵着，各家各户的主妇都出来，手托茶盘给孩子送见面礼，系头巾。他们就这样走家串户邀请乡亲参加割礼。

如果穿红色衣裙的姑娘现在出来，那怕就象夜里擦燃的火柴在我眼前闪一下也好，我沉浸在幻想之中……但不知是谁把我从遐想中唤醒了。

“他是谁，榆树？”

“哎，他吗？”老榆树摇晃着没有树叶的枝条说：“他能是谁？是米尔。他是我的朋友，不，是我的孩子，但他现在比我老，你为何不去看望一下他？他常来这给我的枝条系头巾。”

……就这样米尔大叔把背上沉重的货物小心地放在田埂上，并对我说：“嗨！亚热，把这个褥子铺在地上”。

我吃惊地看着他。

① يالاڭ ئاياغ 同 يالاڭغداق 意为赤着脚的。
② مۆڭگۆرتمەك 使走，赶着走。
③ پاسالڭ، ۋاشالڭ 意为拉秧。
④ خەتنىسىگە ئاتلاندۇرماق 准备割礼。

ئۇ پالەچ[1] ئايالنى ھاپاش قىلىپ، چۈشەك ـ ياستۇقلار ـ نى[2] ئېلىپ كەلگەنىكەن. ئۇ شالاڭ، سېرىق چىشلىرىنى چىقىـ ـرىپ كۈلدى ۋە پالەچ ئايالنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرۇپ، مەن سالغان كۆرپىگە ئولتۇرغۇزدى.

— چېكەمسەن، يارى؟ — دېدى ئۇ قاپقارا پېشانىسىنى كىر ياغلىق بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — چەكمەمسىنا، يوگور، چالغىـ ـچىلاردىن بىر بۇرام ئەكېلىپ بەرگىنە.

گەرچە ئۇ مېنى لەززەتلىك خىيالدىن ئويغىتىۋېتىپ، مېنى خاپا قىلىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدىم.

چالغىچىلاردىن بىر بۇرام موخوركا ئېلىپ كەلسەم، ئۇ ئايا ـ لىنىڭ قول شەرەتلىرىگە جاۋاب بېرىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپتۇ:

— ھە، يادىڭدا باركەن ـ ھە، ئەزنەم، ھېلىقى يىلى قوغۇن تېرىغان شاڭ مۇشۇ، ئەنە ئاۋۇ يەردە قوغۇنلۇق كەپىسى بولىـدىـ ـغان، غورالداي[3] ئۇۋىسى[4] بار قارىياغاچنى دەمسىنا؟ قومۇرۇ ـ ۋەتكىلى نېكەم[5]. ھا... ھا... ھا ... توغرا، ئىلەڭگۈچ سېلىپ ئۇچاتتىڭ، مەن سېنى ئىتتىرىپ قوياتتىم، قانچە قېتىم پەللەم ئۈرغىنىڭنى سانايتتىم. ئۇ چاغدا سەن سوۋاي[6]، مەن غەمسىز ئىدىم. تالقان[7] يېسەكمۇ ئىلىكىمىز توق، ماتا كىيسەكمۇ ئۈچىـ ـمىز چوغدەك ئىدى!

مىراكام بىر سىقىملا كېلىدىغان تولغىماچ ساقىلىنى تىتىـ ـرىتىپ كۈلەتتى، كۈلگەندە، ئۇنىڭ قىيغاچراق كەلگەن يوغان كۆزلىرىدىن ياش چىقاتتى. پالەچ ئايالى — ئېڭەك تېرىلىرى خالتىلاشقان، نۇرسىز كۆزلىرى ئەلەمدىن ئولتۇرۇشقان، قىسـ ـقىراپ مۇشۇك قۇيرۇقىغا ئوخشاپ قالغان بوز رەڭ ئۆرۈمە چاچ ـ لىرى ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان ئەزنىخان ھەدە (بىز ئۇنى ئەزنەم ئاپا دەيتتۇق. ئۆرمىچى، كۈشتۈڭگۈر بولغاچقا، چوڭلار ئۇنى ئەز ـ نەك دېيىشەتتى) ئېڭەكلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ، ساق قولى

原来他背着的是瘫痪了的妻子，还带着床垫枕头。他露出又稀又黄的牙齿笑了，并架着瘫痪妻子，让他坐在我铺好的褥子上。

“抽烟吗，亚热？”他说着用脏毛巾在他那黑黑的额头上抹了一把，“不抽吗？去，到割草人那儿要一卷”。

尽管他把我从美好的想象中拉回来，惹得我很生气，可我还是照他说的去做了。

我从割草人那儿要了一把莫合烟回来时，他正回答着妻子用手势提出的问题，并哈哈大笑的说：

“嗨，你还记着呢，我的艾孜乃姆，那些年中甜瓜的地就在这儿，那不是，那儿原来是个瓜棚，你是说伯劳鸟做窝的榆树吗？早就被挖掉了，哈哈哈……对了，你还绑了个秋千荡着，我把你悠的老高，我还数着你荡起了多少次。那时你还没孩子，我无优无虑。就是吃粗茶淡饭，我们的身体也很健康，穿着粗布褂，身上却象火炭一样暖和”。

米尔大叔抖动着只有一把粗细并绞扭着的胡子笑了，笑得他那有点斜视的大眼睛都流出了泪。瘫女人下巴上的皮松弛得象个袋子，无神的眼睛望着天空，掉的只剩下象猫尾巴一样粗的灰白辫子搭在胸前，艾孜尼汗大嫂（我们称她艾孜乃姆大婶，因她是割麦能手，又有力气，大人们称她为艾孜耐克）吃力地动

① پالەچ 瘫子。
② چۈشەك - ياستۇقلار 卧具。
③ غورالداي 伯劳鸟。
④ ئۆگىسى 同 ئۇۋىسى，意为……的窝。
⑤ قومۇرۇۋەتكىلى نىكەم 早就挖掉了。
⑥ سۇۋاي 没有儿女。
⑦ تالقان 炒面粉，本文译为粗茶淡饭较为确切。

بىلەن ئېتىزنى كۆرستىپ، ئېرىدىن بىر نېمىلەرنى سورىماقتا ئىدى.

مىراكام موخوركىنى قاتتىق شورىدى ـ دە، ئايالىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يادىڭدا باركەن ـ ھە، سەن ئەنسەر ئۇرمىچى بىلەن ئورما ئورۇشقان ئېتىز ئاشۇ شۇ. ئۇ غول ئېرىقلار تۈزلەنگىلى نېكەم، ئۇ يەردە ھازىر تېۋىلغا تۇرماق، چىغمۇ قالمىدى، توشقان مۆك ـ كىدەك ساقاق① تېپىلمايدۇ. ھەئە، ئاشۇ دۆڭ ئەسكى تاملىق ئىدـ ـدى. سەن شۇ يەردىن سۇپۇرگە تېرىپ قايتاتتىڭ... تېكە ساقال سېغىزنى②ئەجەب قارس چىقىرىپ چايناپتتىڭ ـ ھە ! بىر چاغلاردا ئەجەب بىر جۇۋان ئىدىڭ، ھەي ئىسىت، ھەر مەن ـ مەن دېگەن نوچىلارنى ئاتتىن ئۆرۈۋالاتتىڭ ئەزنە، بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، كىم قېرىمايدۇ، كىم ئۆلمەيدۇ !

بۇ قىرىق يىللىق ئەر ـ خوتۇن دۇمبىلىرى بىلەن قارىيا ـ غاچقا يۆلىنىپ جىم ئولتۇرۇشتى.

— ئېيتقىنا، قارىياغاچ، ئۇلار قانچە قېتىملاپ سېنىڭ تۈ ـ ۋىڭدە سايىداپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشقاندۇ؟

— ئۇلار سايەمدە كۆپ ئولتۇرۇشتى، — دېدى قارىياغاچ ما ـ ڭا جاۋاب بېرىپ، — لېكىن مۇڭداشمايتتى. سەن بىلمەيسەن، ئۇلار زادىلا چىرايلىق گەپلەر بىلەن بىر ـ بىرىنى خۇش قىلـ ـمايتتى. ئۇلار جىمجىت ئولتۇرۇپ چىغ ساقاغداش،③ سۇپۇرگە بوغۇش، باغلىق ئېتىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتـ ـتى، بەزىدە بولسا داق يەردە دۈم يېتىپ ئۇخلىشاتتى...

شۇنداق، ئۇلار بىر ئۆيدە ياشىغان قىرىق يىل ئىچىدە قاتـ ـتىق ـ يىرىك گەپ④ قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە قىرىچە ـ يېنىچە تەگكەن⑤ ۋاقىتلىرىمۇ بولغان، لېكىن شېرىن سۆزلەرنى قىـ ـلىشمىغان، «جېنىم، گۈلۈم» دېگەندەك سۆزلەرنى ئېھتىياتسىز ـ لىقتىن بولسىمۇ ئېغىزغا ئېلىشمىغانلار، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىـ

了动下巴,用那只无恙的手指着田野,向丈夫问着什么。

米尔大叔狠狠地吸了一口莫合烟,笑着对妻子继续说:

"哎,你还记着呢,你和安赛尔一起割麦子的那块地就是那儿。那些地方早就补整平了,连芨芨草都没有了,兔子能藏身的杂草也绝种了,是呀,那个山岗子原来是一堵破墙,你在这儿拔了一把笤帚草,嚼着土生土长的"泡泡糖",嘴里发出奇异的声响。一段时间你简直成了一个神奇的少妇,哎,真可惜,再英俊的男子汉也能让你从马上吸引下来。艾孜乃,好了,别伤心了,人都会衰老,都要死的!"

这对四十年的夫妻背依着榆树静静地坐着。

"榆树,你说说,他们有多少次坐在你的脚下乘凉互诉衷肠?"

"他们在我的凉影下坐得多了"。老榆树回答着我的问题,"但没有恳谈,你不知道,他们根本用不着用漂亮话来取悦于对方,他们静静地坐着,理芨芨,扎扫帚,打腰子,以此来打发时间,有时他们则躺在空地上呼呼大睡……。

他们在一个屋里生活了四十个年头,在这些日子里,他们用粗俗,强硬的话语刺痛过对方,伤害过对方,但未曾说过蜜糖般的话,什么"心肝儿呀,美人呀"之类的话他羞于出口,我相信

① توشقان مۆككىدەك ساقاق 兔子能藏身的朵草。
② تىكە ساقال سېغىزى多年生草本植物,其根部有层附着物,洗净后可当泡泡糖嚼。
③ چىغ ساقالداش 把芨芨草理齐。
④ قاتتىق - يىرىك گەپ 粗俗的,生硬的话。
⑤ بىر - بىرىگە قىرىچە - يېنىچە تەگمەك 互相伤害对方。

مەن، سەۋەبى مەن شۇنداقلار ئارىسىدىن چوڭ بولغانمەن...

— مىراكا، — دېدىم مەن ئۇلارنىڭ جىمجىت تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، — نېمىشقا بەرائاكام، نۇرى، تۇرى، خانقىزلار ئەزنەم ئاپامغا ياخشى قارىمايدۇ؟ كەچكىچە سىزلا قارايسىزكەنغۇ؟

— بالا دېگەن شۇ، — دېدى ئۇ ئايالىنىڭ پۇتى يېنىدىكى ھەرە قونغان شاپاقنى نېرى تېپىۋېتىپ، — بالىلىرىغا قارىۋالسا بولدى. ئون ئىككى يىل بولدى، ھەممىسىلا بۇنىڭدىن زېرىكتى. خانمۇ ئانىسىنىڭ بېشىنى تاراپ قويمايدىغان بولۇۋالدى، نۇرى، تۇرىلارغۇ قۇيرۇق تۇتقۇزمايدۇ①. «ھوي، ئاناڭلارنىڭ ئاستىنى ئوڭشاپ قويايلى، كېلىڭلار» دېسەم، بىر - بىرىگە بەس سالىدۇ، بۇ بىچارىگە تاماق يېگۈزۈپ قويۇشقىمۇ يارىمايدۇ. بولمىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئانا باققان، ئۇيقۇسىدىن كېچىپ، سوغۇق بۇشۇكنى قۇچاقلاپ يۈرۈپ، زاكىسىدىن ئايرىپ قاتارغا قوشقان②. بالا دېگەن بىكۇيۇم بولىدىغان ئوخشايدۇ، بىزمۇ ئاتا - ئانىمىزغا قىلىۋىدۇقمىكىن، ئۆتنىگە لايىقۇت بولۇۋاتامدىكىن تاڭ. بۇ بىچارىنىڭ سول پۇت - قولى پالەچ بولغىنىنى بىلەن، گېپى ساق، ئىشتىھاسى ياخشى، ئۆيدە ئولتۇرغۇسى كەلمەيدۇ، پۇتۇن ياز بويى ھاپاش قىلىپ③ چىقىمەن، كۆڭلى تارتقان يەرلەرگە ئاپىرىمەن، ئۆستەڭ بويلىرى، دەريا ياقىسى، تېۋىلغىلىق، بەزىدە تېخى بۇنىڭ كىچىككىدە سىرىق چېچەك، كاككۇك گۈلى تەرگەن يەرلەرنى كۆرگۈسى كېلىدۇ، ماقۇل دەپ ھاپاش قىلىپ شۇ يەرلەرگە ئاپىرىمەن، ئون ئىككى يىل بولدى، يارى، مېنىڭ ئەزنەم ئاپاڭنى كۆتۈرۈپ يۈرگىنىمگە ئون ئىككى يىل بولدى!

ئەزنەم ئاپام تىترەپ تۇرغان ئوڭ قولى بىلەن يۈزىنى توساپ بۇقۇلداپ يىغلىدى، مىراكام ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— يىغلىما، كىم ئۆلۈپ، كىم قالىدۇ، سەن نەدىن بىلىد-

他，因为我就是在他们中间长大的……

“米尔大叔”我趁他们静静地坐在那儿的机会问道：“为什么拜拉大哥，努尔，托里，汗克孜他们不好好地照顾艾孜乃姆大婶，成天却是你料理这些事呢？”

“孩子就是这样”，说着他把老伴脚旁落着蜜蜂的那块瓜皮踢掉，“养好他们自己的孩子就行了，十二年了，孩子们都厌烦了，汗克孜连她妈妈的头发也不梳了，努尔，托里他们连影子都见不着。我要是说！来呀，把你妈的下面整理一下，他们便一个推一个，他们不愿给这可怜的人喂饭，这些孩子都是这母亲带大的呀，她有多少个不眠之夜抱着冰冷的摇床，让他们离开襁褓，把他们抚养成人，这些孩子好象没心没肺似的，当初我们也是这样对待父母的吗？不知这是不是报应。虽然这可怜人的左边瘫痪了，但肠胃无毛病，食欲好，在家里坐不住，整个夏天我就背着她外出，她想去哪，我就背着她去，水渠边，河岸上，灌木丛，有时她甚至要去小时候拔莳萝、映山红的地方，我满口答应，背着她就来，十二年了，亚热，我背着，抱着你艾孜乃姆大婶已经走了十二年了”。

艾孜乃姆大婶用颤抖的右手蒙住脸，抽抽搭搭地哭了起来，米尔大叔安慰起他来：

“别哭，人会什么样儿，落到什么样的地步，你怎么会知道

① قۇيرۇق تۇتقۇزماسلىق 意为靠不住，抓不住。
② زاكىسىدىن ئايرىپ قاتارغا قوشماق 使离开襁褓，抚养成人。
③ ھاپاش قىلماق 背。

سەن؟ بۇ ئاپاق، بۇ يىل قىشتىن چىقالمايمەن، يالغۇز قالىدىغان بولدۇق، دەيدۇ قارا، توۋا، چۈشكە ئايان بولامدىكىن[1] يا بولمىسا... بۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىمدىن بىللە كەتكىنىم ياخشى مېنىڭ!...

مىراكامنىڭ قارا، دورداي كالپۇكلىرى[2] تىترىدى، بىز جىمىپ قالدۇق.

— مىراكا! — دېدىم مەن ئۇلارنىڭ ساداقىتىدىن ھاياجانلىنىپ، — ئېيتىڭا، سىلەر ياشلىقىڭلاردا تازا ئاشىق - مەشۇق بولۇشۇپ، ئاندىن كېيىن توي قىلىشقانمۇ؟

— نېمە؟ ئاشىق - مەشۇق؟ نېمە ئۇ؟ دادام ئېلىپ بەرگەن ئايال بۇ، ئىككىمىز بىر ياستۇقتا باش قويغاندىن كېيىنلا: «ئىسمىڭ نېمە؟» دەپ سوراشقان. ئاشىق - مەشۇق دەپ يۈرسەڭغۇ تېخى!

چالغا[3] چىڭداۋاتقان، قايراق قايراۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن چالغىچىلار تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

— ئېيتقانلىرىم راستمۇ، قارىياغاچ، شۇ كونى سېنىڭ تۈۋىڭدىن قايتقاندا نېمىنى ئويلىغاندىم، بىلەمسەن؟

— ئېيتقىنىڭ توغرا، — دېدى قارىياغاچ ئىرغاڭلاپ قويۇپ، — نېمىنى ئويلايتتىڭ، مىرا بىلەن ئەزنەمنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى ئويلىغانىدىڭ. «ئۇلار بىر - بىرىنى كۆرمەي، بىلمەي تۇرۇپ تويلاشقان بولسىمۇ، بىر - بىرىگە قەدىردان، ئۆلۈڭگىمۇ، تىرىكىگىمۇ سادىق ئەر - خوتۇن بولۇشۇپتۇ، مەن ئاۋۇ مەھەللىدىكى قىزىل كۆڭلەك قىزغا كۆيگىلى نېكەم، مۇرادىمغا يەتسەم، مەنمۇ مىراكامدىن ئاشۇرۇۋېتىمەن!» دەپ ئويلىغانىدىڭ، راستمۇ، يارى؟

— راست، مەن شۇلارنى ئويلىغانىدىم.

بۇنىڭدىن يىگىرمە تۆت يىل ئىلگىرى، مەن ئون تورقۇز ياشقا كىرگەن چېغىمدا، مۇشۇ قارىياغاچ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تۇنجى

呢?你大婶说她过不了这冬天了,我将一个人留在这人世间,天呀,这是她梦到了什么,与其让我离开她活着,不如让我跟她一块去”。

米尔大叔那又黑又厚的嘴抖动站,我们静下来。

“米尔大叔!”我被他们的真挚而感动,“你说说,你们年青的时候一定是一对相亲相爱的情侣,后来才结婚,是吗?”

“什么,情侣?哪里有什么情侣,我父母给我娶的媳妇就是她,我们俩枕在一个枕头上才知道对方的姓名,根本谈不上情侣!”

砸、磨钐镰的声音传了过来,我朝割草的人那边走去。

“我所说的都是真话吧,榆树?你知道那天我离开你时都想些什么吗?”

“你说的对”,老榆树摇晃着说,“你想到了什么呢?你一定想到了米尔和艾孜乃姆的恩恩爱爱,他们尽管是在谁也没见过谁,谁也不了解谁的情况下结的婚,可他们最终成了一对互敬互爱,生生死死都忠实于对方的夫妻。你早就倾心于居民点上的那位红衣少女,如果如愿了,你也会超过米尔大叔的,对吗?亚热?”

“对,我想的就是这些”。

二十四年前,当我年满十九岁的时候,我坐在这棵榆树下,

① چۈشىگە ئايان بولماق 梦见,梦到。
② دورداي كالپۇك 厚嘴唇。
③ چالغا 钐镰。

مۇھەببەت ئازابىنى تارتقانىدىم. مانا بۈگۈن چاچلىرىمغا ئاق كىردى، مەن ھازىر ئۇ چاغدىكى ساددا، ئاق كۆڭۈل دېھقان يىگىت ئەمەسمەن، ھازىر كۆڭلۈمدە نە مۇھەببەت، نە تۇرمۇش لەززىتىدىن ئىزنا قالمىدى[1]، مەن ھازىر يۈز ياشقا كىرگەن بوۋايدەك، ئۆزۈمنى خاتىرىگە باي ھېسابلايمەن. كۆرگەنلىرىم، كەچۈرگەنلىرىم چار ـ ساقاللىرىمدىكى ئاقتىنمۇ تولا، مەن ئۇلارنى ئۇنتۇشنى خالايمەن، لېكىن تۇنجى مۇھەببەتنىڭ يۈرەككە چەككەن كەشتىسىنى قەدىرلەيمەن، ئۇنى قەبرەمگە ئېلىپ كەتمەكچىمەن...

كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شاملى تەرىمنى تېزلا قۇرۇتتى، يىللار سوۋغىسى — قورۇق بىلەن بېزەلگەن سولغۇن[2] ۋە غەمكىن يۈزۈمنى سىيپىدى، خۇددى بۇرنۇمغا يىگىرمە تۆت يىل ئاۋۋالقى جانغا راھەت پۇراقلار ئۇرۇلغاندەك، قۇلىقىمغا شۇ چاغدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك بولدى. مەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، قوشنا مەھەللىگە قارىدىم: مەنزىرە ئۆزگەرگەن، قورۇق تاملىق، قىزىل يوپۇرماقلىق باغ، تېرەكتىكى قاغىلار، تونۇردا نان يېقىۋاتقان ئايال، سامان باسقان ھارۋا ئۈستىدىكى ئاق مالىخايلىق يىگىت... ئەستە قالغان خاتىرىلەرنىڭ بۇ بەلگىلىرى يوق، مەھەللە ئۆيلىرى تۇتاش، ناھايىتى چوڭ كۆرۈندى...

نېمىشقا ماڭا بۇ خاتىرىلەر لازىم بولۇپ قالدى؟ نېمىشقا مەن بۇ كىچىككىنە ئىشنى ئۇنتۇيالمايمەن، بىر يىگىتنىڭ بېشىدىن بۇنداق ئىشلار كۆپ ئۆتىدىغۇ، بۇنىڭ ئەسلىگۈدەك قانچىلىك قىممىتى بار؟

بۇ سوئاللارغا ئۆزۈممۇ جاۋاب بېرەلمەيمەن. مەن بىرلا نەرسىنى بىلىمەن: ئەستە قالغان نەرسە ساپ ئىدى. مەن يېشىم چوڭايغاندا ساپلىقنىڭ قەدرىگە يەتكەن ئوخشايمەن. مەن ئۆز ۋاقتىدا شۇ ساپلىقنى خورلىغان ئىدىمغۇ!

品尝了初恋的煎熬。这不，现在我的头发都白了，我现在已经不是那时的单纯、善良的农村小伙子了，现在我的心里已经没有什么爱情，没有什么生活的乐趣了，我现在就象百岁老人一样，也算个阅历丰富的人了。我所见过的，所经历的比我的白胡子，白头发还要多，我想忘却这些，但我要珍惜初恋在我心中打下的烙印，我要把它带进坟墓……。

晚秋的凉风很快就吹干了我身上的汗，它抚摸着岁月留给我的纪念——爬满皱纹而忧郁憔悴的脸庞，就好象二十四年前那让人心旷神怡的芳香又扑鼻而来，好似那叫人难以忘怀的声音又传到了我的耳中。我深深地叹着气，望着邻街：景色变了，围墙，长满红叶子的果园，白杨树上的乌鸦，在馕坑旁边打馕的女人，装满了麦草的马车上坐着的戴白毡帽的小伙子……我的记忆中的这些特征都没有了，居民点上房子连成了片，显得宽阔多了。

为什么我要记住这些呢？我为何忘不了这些细小的情节呢？一个小伙子会经历不少这种事情的，这又有多少怀念价值呢？

连我自己也无法回答这些个问题。我懂得的唯一的事情就是保留在我记忆中的东西是纯贞的。当我的年龄增大时，我好象才懂得了纯贞的珍贵。可当年又是我把这纯贞给作践了！

① لەززەتتىن ئىزنا قالماسلىق 没有乐趣。
② سولغۇن 枯萎的，蔫了的，(转)无神的，憔悴的。

... ھېلىقى قىزىل كۆڭلەكلىك قىزنىڭ ئىسمى ھۆرلىقا ئىدى. مەن ئۇنى يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن تەشكىل قىلىنغان يېزىلىق سانايىنەپىسە ئەترىتىدە كۆرگەن. مەن ناخشا ئېيتالايتتىم، ئۇ قىز «ئۇغرى پەدە①»گە ئۇسسۇل ئوينىيالايتتى. ئۇ نېپىز لەۋلىرىنى چىشلەپ، ئوت يېنىپ تۇرغان، ئۇزۇن كىرپىكلىك خۇمار كۆزلىرىنى② نومۇسچانلىق بىلەن قاچۇرۇپ، تال چىۋىقتەك زىلۋا بويىنى ئېگىپ ئۇسسۇل ئوينىغاندا، ۋۇجۇدۇم كاۋاپ بولۇپ كۆيەتتى. ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدىكى تۆچ بىلەزۈك، بوينىدىكى سېرىق كەھرىۋالار، قۇلىقىدىكى سوزۇنچاق، كۆزى يوق تۆچ③ ھالقا ماڭا دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل زىننەت بۇيۇملىرىدەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىغا سىڭىشقان قىزىل كۆڭلىكىنىڭ ئاددىي گۈللەر كەشتىلەنگەن ئېتەكلىرى ماڭا مەسچىت مېھرابىنىڭ④ نەقىشلىرىدەك سىرلىق ۋە خىسلەتلىك بىلىنەتتى. ھۆرلىقا بار يەردە مەن مەڭدەپ قېلىپ ناخشا ئېيتالمايتتىم. «ئامان بولسۇن، ئامان بولسۇن، ئەي...» دېگەن مىسرانى ئېيتىپ بولغۇچە بەدىنىم قوغۇشۇندەك ئېرىپ كېتەتتى ـ دە، ماغدۇرسىزلانغان ئاياغلىرىمنى ئارانلا يۆتكەپ، تامغا يۆلەنگىنىمچە داق يەرگە ئولتۇرۇۋالاتتىم.

— ئېيتە، ھوي بەزگەكنىڭ تۇتۇپ قالدىمۇ؟

— ماناپ باخشىنى⑤ چاقىرايلىمۇ؟

— ھوي، نېمانداق قىزدەك نازىك تولا نېمىسەن!

— ماڭ جۇگۇ، ئەركىلىگىنى ئاپاڭغا قىل!

مېنىڭ ھالىمنى ھېچكىم بىلمەيتتى. پەقەت ھۆرلىقالا مېنىڭ نېمىشقا ھالسىزلانغىنىمنى بىلەتتى ۋە ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى. مەن ئۇ يوق يەردىلا جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ناخشامنى تۈگىتەلەيتتىم...

بىراق ئۇچرىشىش قىسقىلا بولدى. ھۆرلىقانى ئاپىسى سانايىنەپىسىگە⑥ ئەۋەتمىدى.

……那位红衣少女叫胡尔里喀，我是在土改后乡里组织的文工队见到她的，我会唱歌，那姑娘会跳欧乌里舞，她用牙咬着薄薄的朱唇，燃烧着的两只眼睛在长长的睫毛下含情脉脉，羞羞答答，躲躲闪闪，柳腰一弯婆娑起舞时，我的身体就象被火燎烤一样的灼热，她两个手腕上的青铜手镯，脖颈上的黄色琥珀项链，两个耳垂上的没有镶嵌宝石的椭园形青铜耳环对我来说是世界上的最精美的手饰，她身上那件合体的红色衣裙上普普通通的花纹在我看来，就象清真寺祭坛上雕刻的图案那样神密而独具一格。凡是有胡尔里喀的地方，我象掉了魂似地唱不出歌来，“祝你平安，祝你平安，哎……”最后我的身体就象铅一样被融化了，艰难地挪动着无力的双脚，依着墙在空地上坐下。

“唱呀，哎，你打摆子了吗？”

“我们把玛那甫巫医请来吧！”

“嗨，干吗象个姑娘似的柔情似水呀？”

“去，回家给你妈撒娇吧！”

我的情况谁都不知道，只有胡尔里喀明自我为什么如此无力，她从屋里走了出去。我只有在她不在场时才能敞开我嘹亮的歌喉，唱完我的歌……

但相遇是短暂的，胡尔里喀的母亲没让她参加文工队。

① ئوغرى پەدە 一种曲调的名称。
② خۇمار كۆزلىرى 含情脉脉的眼睛。
③ تۈچ 青铜。
④ مېھراب (宗)清真寺礼拜殿前方正中就位的祭坛。
⑤ باخشى 巫医。
⑥ سانايىنەپەس 文工队。

مانا شۇنىڭ بىلەن بىللە مېنىڭ دەردىم كۆپەيدى. كېچىلىرى ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئايدىڭدا ناخشا ئېيتىدىغان، قوشنا مەھەل- لىگە پات - پات بارىدىغان، ھۆرلىقالارنىڭ ئۆيىنى ئەگىيدىغان بولۇپ قالدىم... بەخت مېنى يېزامدىن ئايرىدى. مەن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا بارىدىغان بولدۇم. مەھەللە يوللۇقلىرى — توقاچ، قاق، قۇرۇت، ياغلىق، پىششىق تۇخۇم قاتارلىقلار ئىرگۇلۇغا[1] لىق تولدى. قېرى - ياش، ئۈرۈق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلار مېنى توپا يول بىلەن ئۇزىتىپ مەھەللە سىرتىدىكى زاراتگاھلىققىچە[2] كەلدى. چوڭلار دۇئا بەردى، ياشلار ئاقيول تىلىدى. مەن بۇ يېزد- دىن تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭغان بەختلىك يىگىت سۈپىتىدە ئاشۇنداق داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىلدىم.

مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى ئۆرۈكلۈك باغنىڭ يېنىدا ھارۋىنى ھېپىزەم سېكىلەك[3] دەيدىغان چوكان[4] توستى، دادام ھارۋىنى توختاتتى، ھېپىزەم سېكىلەك كۆك ياغلىقتىن ئىككى خالتا چىقاردى.

— ماۋۇ مېنىڭ يوللۇقۇم! — دېدى ئۇ لۆڭگىدىن تىكىل- گەن خالتىسىنى سۇنۇپ، — ماۋۇ ھۆرلىقانىڭ ساڭا قىلغان يوللىقىكەن!

— ھۆرلىقانىڭ؟ — دادام ھەيران بولۇپ سورىدى، — قايسى قىز ئۇ؟

— سەن بىلمەيسەن، ئىكرام چوڭ دادا، — دېدى ھېپىزەم ماڭا كۆز قىسىپ قويۇپ، — يارىلار بىلەن بىز 4 - سىنىپتا رايوندا ئوقۇغاندا بىز بىلەن بىللە ئوقۇغان قىز. ئۇنتۇپ قالما، يارى، خەت ياز جۇمۇ!

— مېنى كۈتسۇن، — دېدىم مەن ئاستا پىچىرلاپ، — كۆ- رىمەن، قانچىلىك كۈتەلەيدىكىن تاڭ...

ھارۋا ئىككى يېنىغا چايقىلىپ بىر خىل رىتىمدا[5] كېتىپ

由此又增添了我的苦恼，我每天晚上爬上屋顶，在月光下唱歌，还时不时地到相邻的巷子里去，在胡尔里喀家的周围徘徊……幸运让我离开了农村，我要去乌鲁木齐读书了，乡下饯行的礼物小圆馕，干果，酸奶疙瘩，油饼，熟鸡蛋装满了马车。老老少少，亲朋好友，邻里乡亲沿着土路把我送到居民点外的公墓。老者给我祝福，年青人给我道平安，因我是这村上第一个去乌鲁木齐上学的幸运小伙儿，所以欢送得这样隆重。

在居民点外的杏园子旁边，有个叫海比再姆的少妇拦住了马车，父亲让停车下来，海比再姆从蓝头巾中取出了两个包裹。

“这是我的饯行礼物！”她说着又递给我一个用毛巾缝制的包裹，“这是胡尔里喀给你的饯行礼物！”

“胡尔里喀的？这姑娘是谁？”父亲惊奇地问道。

“你不认识，依克拉木大叔”，海比再姆向我挤了一下眼睛说“是我和亚热在区上读4年级时的同学。亚热别忘了，一定要写信！”

“让她等着我！但要等到多久谁也不知道……”我低声说。

马车左右摇晃着有节奏地向前行进，我仍捧着胡尔里喀的

① ئىرگولو 马车。
② زاراتگاھ 公墓,坟地。
③ سېكىلەك 多意词，有鬓发，小斡杖，新娘等意思，本文是她的外号。
④ چوكان 少妇。
⑤ رىتىم 音乐的节奏，拍节，诗的韵律。

باردۇ. مەن ھۆرلىقانىڭ خالتىسىنى تېخىلا تۇتۇپ ئولتۇرىمەن. دادام غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىغاندا، دادامغا كەينىمنى قىلىپ تۇرۇپ خالتىنى مەيدەمگە باستىم، كۆزلىرىمگە سۈرتتۇم، سۆيدۇم... گويا قوچىقىمدا خالتا ئەمەس، ھۆرلىقانىڭ ئۆزى تۇرغاندەك، بەدىنىم ئوت بولۇپ ياندى. مەن ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە بەردىم: «خەت يازىمەن، خەت بىلەن بىللە سىز ئۈچۈن كۆيۈۋاتقان يۈرىكىمنىڭ ئاۋازىنى، ئارزۇسىنى، ھەسرىتىمنىمۇ ئەۋەتىمەن، مېنى ئۈچ يىل كۈتۈڭ، ئۈچىنچى يىلى بىز بىللە بولىمىز، مەڭگۈ بىللە بولىمىز !...»

لېكىن ۋەدەمدە تۇرمىدىم، ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئىككى قېتىم خەت يازدىم، ھۆرلىقا بەش قېتىم خەت يازدى. يېرىم يىلدىن كېيىن مەن تانسا ئۆگەندىم. دادامدىن پات - پاتلا پۇل سورايدىغان بولدۇم. ئۇلار تاپقان - تەرگىنىنى يالغۇز ئوغلىغا ئەۋەتىشتى... بىر يىلدىن كېيىن مەن ھۆرلىقانى ئۇنتۇدۇم. ئۇنىڭ ماڭا تۇتقان يوللۇقى ئىچىدىن ئىككى غۇنچە ۋە بىر جۈپ كېپىنەك كەشتىلەنگەن سارغۇچ چۈچىلىق ياغلىق چىققانىدى. ئېسىل بايلىقىم قاتارىدا ساقلاۋاتقان بۇ ياغلىقنى بىر يىلغا قالمايلا تۇتۇپ كىر قىلدىم. تانسىدا تونۇشقان لەتىپە ئىسىملىق چىرايلىق چوكان بىر كۈنى مېنى مازاق قىلىپ①:

— سەھرا سوۋغىسى - ھە، — دېدى قولياغلىقنى يېيىپ كۆرۈپ، — ھېلىمۇ ئىنساپىڭىز بار ئىكەن، بىر يىل ساقلاپسىز، مەن دەسلەپ يۈرگەن يىگىتىمنىڭ سوۋغا قىلغان شارپىسىنى② بىر ئايدىن كېيىنلا سىڭىللىرىمغا بېرىۋەتكەن ! — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا بىر خىل ساداقەتسىزلىك ئالامىتى بولۇپ بىلىنگەنىدى. بىر يېرىم يىلدىن كېيىن ئاشۇ كىشى قەدرىنى بىلمەيدىغان ئايال مېنىڭ قەلبىمدىن ئورۇن ئالدى. مەن ھۆرلىقانى تامامەن ئۇنتۇدۇم، لەتىپە ماڭا ئايالالار ئەرلەرگە تەقدىم قىلىدىغان ھۇزۇر - ھالاۋەت سوۋغىلىرىنىڭ ھەممىسىنى

礼物，父亲哼着小调，我背朝父亲把包裹抱在了怀里，视线一刻也没离开过包裹，并亲吻着……在我怀里的好像不是包裹，而是胡尔里喀本人，我的身体象火一般地燃烧了起来，我对自己起誓：要写信，我要用信寄去为你而燃烧的心声以及渴望和忧伤，你一定要等我三年，第四年我们就会团聚，永永远远不分离。

但我没有信守诺言，我去乌鲁木齐后写了两封信，而胡尔里喀写了五封信。过了半年，我学会了跳交谊舞。我常常向父亲要钱，他把挣来的血汗钱寄给了独生儿子……

一年后，我就把胡尔里喀忘了。她送给我的礼物中有一块浅黄色的手帕，上面绣着两个花蕊和一对蝴蝶，手帕的四周钩有花边。起初被我当做无价之宝珍藏着的这块手帕，没过一年就被我用脏了，跳交谊舞认识的名叫莱提帕的少妇有一天奚落我说："噢，还是乡下礼物呢"，她把手帕打开来看，"你蛮有良心的，珍藏了一年，当初和我相处的小伙子送我一条围巾一个月后，我就给了我的妹妹"。

她的这句话使我感到了一个不忠的征兆，一年半后，那个不懂得人的价值的女人占据了我的心。我完全忘记了胡尔里喀，莱提帕给了我女人能给男人的所有乐趣，即将毕业的那一

① مازاق قىلىش 奚落，嗤笑。
② شارپا 围巾。

سوندى. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى مەن دادامغا: «ۋەسلىڭنى سىپ-تىپ بولسىمۇ بەش يۈز سوم جايلاپ ئەۋەتكىن، مەن ئۆيلىنىمەن» دەپ خەت يازدىم. دادام بىلەن ئاپام دېگىنىمدىن ئاشۇرۇۋەتتى ۋە ئۆزلىرى كېلىپ تويىمىزنى قىلىپ قويدى. ئەمما يېرىم يىلغا قالمايلا لەتىپە مېنى تاشلىدى. ماڭا قارىتىپ تۇرۇپ بىر كومىسسىيون[1] پۇلدار[2] بىلەن تېپىشىۋالدى...

شۇ يىلى مەن ئايالىم بىلەن ئاجرىشىپ يېزىمىزغا باردىم، مېنى يۇرتداشلىرىم ئۆي بېسىپ مېھمان قىلدى. قايتار ۋاقتىمدا، ھېپىزەم سىڭىلەكنىڭ يولدىشى ئۆيىگە چاقىردى. كەچتە ھېپىزەم ماڭا:

— ھۆرلىقا سېنى تېخىچە كۈتۈۋاتىدۇ، بۇ يىل يىگىرمىگە كىردى، بۇ ئەتراپتا ئەڭ چوڭ قىز شۇ. تالاي - تالاي لايىقلارنى قايتۇرۇۋەتتى، — دېدى.

— ئەمدى قاملىشامدۇ، مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ...

— ئاڭلىدى ئۆيلەنگىنىڭنى، كېيىن ئاجرىشىپ كەتكىنىڭنى ئاڭلاپمۇ يەنە سېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

مېنىڭ يۈرىكىمدە كونا ئوتلار يەنە پىلىلداشقا باشلىدى. لېكىن، مەن ئۇ چاغدا كادىر، ھۆرلىقا دېھقان تۇرسا، بۇ قانداق بولىدۇ، ئالماس پىچاققا ياغاچتىن دەستە بېكىتكەندەك[3] بىر ئىش بولامدۇ؟

— قولۇم ئۇزۇك[4]، — دېدىم مەن ھېپىزەمگە، — بىر يىل پۇل يىغاي، ئاندىن كېيىن كۆرمەيمىزمۇ!

بىر يىل ئەمەس، توپتوغرا بەش يىل ئۆتتى. مەن دادامنىڭ نامىزىغا داخىل بولالماي، يەتتىسىگە ئۈلگۈرۈپ ئۇرۇمچىدىن كەلدىم[5].

مەن بۇ چاغدا ھۆرلىقانى تامامەن ئۇنتۇغان، ياشلىقىمدا بىر

年我写信给父亲说:“就是倾家荡产也要给我凑齐五百元钱寄来,我要结婚”。父母亲做得超过了我的要求?并且亲自来给我办了喜事。可是没过半年莱提帕就抛弃了我,找了一个开寄卖行的富翁。

这一年我同老婆离了婚,回到了故里,乡亲们家家都请我作客,临回乌市之前,海比再姆的丈夫请我去他家,晚上海比再姆对我说:

“胡尔里喀至今还等着你呢,今年都二十岁了,是远近最大的姑娘了,好多合适的都让她回绝了”。

“现在怎么能成,我也是鬼迷心窍了……”

“你结婚,后来又离婚的事她都听说了,可仍等着你”。

我心中的旧情又复燃了?可我那时是干部,胡尔里喀是农民,这怎么能行?这不成了给金钢钻安上了木把子吗?

我对海比再姆说:“我手头有些紧,等我存上一年钱,然后再说”。

不是一年,整整五年过去了。我没能赶上父亲的葬礼,过头七时才从乌鲁木齐赶回来。

我此时已把胡尔里喀全部忘却了,我都不愿意承认年青的

① كومىسسىيون 开寄卖行的人,寄卖行的老板。
② پۇلدار 富翁,财主。
③ ئالماس پىچاققا ياغاچتىن دەستە بېكىتكەندەك 给金钢钻安上了木把儿,形容不相配。
④ قولۇم ئۇزۇك 手头紧,缺钱。
⑤ يەتتىسىگە ئۆلگۈرۈپ ئۈرۈمچىدىن كەلدىم 其中的 يەتتىسىگە 为他父亲去世后第七天的祭日。

دېھقان قىزنىغا ئاشىق بولغىنىمنى ئىقرار قىلغۇمۇ كەلمەيدىغان ھالدا ئىدىم؛ ھازىر مېنىڭ «تاللاپ تۇرۇپ» ئالغان چىرايلىق، ئوقۇمۇشلۇق[1] ئايالىم ۋە بىر بالام بار. بەختىمگە يارىشا، كىچىك بولسىمۇ ئەمىلىمىمۇ بار ئىدى. بۇنداق ۋاقىتتا مەن ھۆرلىقانىڭ ھالىنى سورايتتىممۇ؟ مەن دادامنىڭ قىرىقىنى بەرگۈچە ئايالىم بىلەن يېزىدا تۇردۇم، قايتار چاغدا يېزا سوۋغىلىرى يەنە ھارۋام-غا تولدى. مەن مەھەللىنى ھارۋىغا ياندىشىپ پىيادە مېڭىپ كې-سىپ ئۆتتۇم. ھېيىزەم سېكىلەكىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتكەن-دە، ھېيىزەم ياغلىقىنى پۇلاڭلىتىۋېدى، مەن ھارۋىنى ماڭدۇرۇ-ۋېتىپ، ئۆزۈم يالغۇز قالدىم. ھېيىزەم مېنى ھويلىسىغا باشلاپ كىردى ۋە ماڭا بىر قوزىنى كۆرسىتىپ:

— بالاڭغا ئاتىغىنىم، ئال، رەنجىمەن، ھېچبولمىسا، قو-رۇدىن ئەچىقىپ بىرىگە بېرىۋەت! — دېدى ئاچچىق بىلەن. مەن قوزىنى يېتىلەپ مېڭىۋېدىم، ئۇ ماڭا ياندىشىپ مېڭىۋېتىپ، ماڭا بىر خالتا سۇندى.

— بۇ نېمەڭ، ھېيىزەم؟

— سورىمايلا ئالغىنا، — دېدى ھېيىزەم يەرگە قاراپ، — يەنە شۇ ھۆرلىقانىڭ خالتىسى، بىچارە تېخىچە تالالىق بولمىدى، ئەمدى ئۇنىڭغا ئەلچى كىرىشمۇ توختىدى، سېنىڭ بالاڭنى قۇ-چاقلاپ تارامىلاپ ئېقىپلا كەتتى؛ بىچارىنى ئەجەب داغدا قويدۇڭغۇ تاڭ، ئوقۇشقا بارمىغان بولساڭمۇ شۇ بىچارىنىڭ بەختىگە ئول-تۇرمىغان[2] بولاتتىڭ. قانداق قىلىسەن، ساڭىمۇ تەس، گۈلىگە گۈل، خالىغا خال[3] بولسۇن دەپلا كادىر قىزنى ئالدىڭ-دە. ئۇ ئەمدى ئۆمۈر بويى ئەرگە تەگمىگۈدەك...

خۇددى ھارۋىدىكى ئايالىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغاندەك ھودۇقۇپ، ھارۋىنىڭ كەينىدىن قوزىنى سۆرەپ يۈگۈردۈم. ئايا-لىم مېنىڭ قولۇمدىن تارتىپ ھارۋىغا چىقاردى، ھارۋىكەش قو-

时候还爱过一个农村姑娘。现在我有一个百里挑一漂亮而又有学问的妻子和一个孩子。幸运的是我还有个一官半职。在这种时候，我还会去问胡尔里喀的境况吗？我和妻子因要给父亲过四十天的祭日，就在乡下住了下来。临走的时候，乡下的礼物又把车装得满满的，我随马车在街上走着，路过海比再姆家门口时，海比再姆摆了摆头巾，我让马车往前走，自己留了下来。海比再姆把我带到院里，指着一个羊羔对我说："这是给你孩子的，把它带上，不然我会生气的，最起码你把它带出院子后送人也可以！"她生气地说。我牵着羊羔走时，她又走到我身旁递给我一个包裹。

"这又是什么，海比再姆？"

"别问了，拿上吧！"海比再姆低下头说："还是那胡尔里喀的礼物，可怜的人还是独身，现在已经没有人给她作媒了，她抱了抱你的孩子，流着眼泪走了，你把她害苦了。如果你不去上学，你就不会毁了这可怜人的幸福了。你又能怎样，你也有你的难处，你是门当户对娶了个干部作妻，她好象打算一辈子不嫁人了……"

惟恐马车上的妻子听到这些话，我慌忙把羊羔牵到车后，妻子抓住我的手，把我拉上了车。车夫把羊羔安置好，妻子指着

① ئوقۇمۇشلۇق 有学问的，受过教育的，博学的。
② بەختىگە ئولتۇرۇش 毁了人家的幸福。
③ گۈلگە گۈل، خالغا خال بولسۇن 门当户对。

زىنى جايلاشتۇردى. ئايالىم يىراقتا قالغان باراقسان يېزامنى كۆرسىتىپ:

— ئەجەب ئاق كۆڭۈل ئادەملەركىنە ! — دېدى.

خىيالىم ئۈزۈلدى. خۇددى چۆلدىن قامغاق[1] دومىلىنىپ كېلىۋاتقاندەك، بىر دۈپدۈگىلەك[2] مەڭگەن دۆۋىسى ئالدىمغا يېپ-قىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. مەڭگەننىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئىككى مەز-مۇت ئاياغ كۆرۈنۈپ تۇرمىغىنىدا ئىدى، مەڭگەن ئۆزى مېڭىپ كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتى كىشى. مەڭگەن مېنىڭ يېنىمدا توختىدى ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۇستۇپشىغا مەڭگەنلەر چاپلىشىۋالغان بىر بوۋاي چىقتى. ئۇ ئاپئاق قاشلىرى ئاستىدى-كى ئۆچۈشكە ئاز قالغان شامدەك پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى-دە:

— يارىمۇ سەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مىرا دادا ! — مەن ئۇنىڭغا قولۇم-نى سوزدۇم.

— چېكەمسەن؟ — دېدى ئۇ قولۇمنى بوشلا تۇتۇپ قويۇپ، — بىر چەكتۇرگىنە !

مەن ئۇنىڭغا موخوركا بۇراپ تۇتقۇزدۇم. ئۇنىڭ بېلى مۈك-چەيگەن، ئەمما تېنى ساق ئىدى، ئېسىمۇ خېلى جايىدىكەن[3]. ئۇ تاماكىنى ئىككى شورىۋېلىپ چوڭقۇر «ئۇھ» تارتتى-دە:

— خوتۇندىن تەلىيىڭ كەلمەپتۇ-ھە، — دېدى ماڭا قاراپ، — قويۇۋەتتىڭما؟

— ھەئە.

— ئىنساپسىزلىق قىلدىمۇ؟ بوپتۇ، ئىنساپى يوق خوتۇننىڭ بارىدىن يوقى ياخشى...

يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى، ئايالىمنىڭ ئىشلىرى مۇشۇ

远处郁郁葱葱的村子说：

“真是一些心地善良的人呀！”

我的思绪被打断了，就象戈壁滩上的飞蓬滚滚而来似的，一个滚圆滚圆的麦垛离我越来越近，如果不是看见麦垛下面两只结实的脚，让人感到麦垛是自己走过来似的，麦垛在我身边停了下来，从麦垛下出来了一个浑身粘满了麦草的老人，他闪动着白白的眉毛下那风蚀残年的眼睛，盯着我问道：“亚热，是你吗？”

“祝你安康，米尔老爹！”我向他伸出了手。

他轻轻地握了一下我的手说：“抽烟吗？让我抽一支烟吧！”

我给他卷了一支莫合烟，他的腰弯了，但身体很健康，头脑也蛮清楚。他吸了两口莫合烟，深深的叹了一口气，说道：

“你在老婆问题上可真不走运啊！”他看着我说：“离了吗”我应了一声，他又问道：“她做了没良心的事情吗？好，与其有个没良心的老婆，不如离了的好……”

我的心一下提了起来，难道我老婆的事也传到老爹的耳朵

① قامغاق 飞蓬，多年生草本植物，叶子象柳叶，边缘有锯齿，秋天开花，花外围白白色，中心黄色，也叫蓬。
② دوپدوگىلەك 形容词，意为滚圆滚圆。
③ ئېسىمۇ خېلى جايىدىكەن 头脑清醒。

بوۋايلارنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتكەنمىدۇ؟ خىزمىتىم، مەنسىپىم بار
ۋاقتىدا، دۇنيادىكى ھەممە شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ «ساداقەت»
ئىزھار قىلغىنى، بېشىمغا كۈن چۈشۈپ، ناھەق جازاغا ئۇچرىد-
غاندا ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلغىنى، ئۈچ بالىنىڭ يۈز - خا-
تىرسىنى قىلماي① خېتىنى ئالغىنى② ۋە بىر ئايمۇ كۈتمەستىن
بىر بويتاق مەنسەپدارنىڭ قېرىلىقىغا قارىماي ئۇنىڭغا «چۈشۈپ»
ئالغىنى... مۇنۇ يۇرت قېرىلىرىغا مەلۇم بولغانمىدۇ - ھە !...

— ئەزنەم ئاپاڭ ئوبدان ئايال ئىدى - دە، — دېدى مىراكام
موخوركىدىن قاتتىق شوراپ، — ئۇ دۇنياغا تېزرەك بارسام،
تاڭلا مەھشەرگاھدا③ كۆرۈشسەم دەپ ئالدىرايمەن، يارى. ئاڭلى-
غانسەن، بىزنىڭ بەرامۇ تۈگەپ كەتتى. تۆت بالىنى توپا ئاستىغا
كۆمدۈم، لېكىن بۇنىڭغا «ئەلھۆكمىلىللا④»، بەرگەن ئىگىسى ئا-
لىدۇ⑤، دېدىم. شۇنداقتىمۇ ئەزنەم ئاپاڭنى ئۇنتۇيالمايمەن، ھەر
سەھەرلىكى قەبرىسىگە بېشىمنى قويۇپ يىغلايمەن، ئون ئۈچ يىل
ھاپاش قىلىپ يۈرۈپ، ئۇ ئىمجان بىلەن مۇڭداشقان، سىرداشقا-
نىدىم، لېكىن بىر يېرىم كەملا تۇرىدۇ، قانمىدىم، يەنە ئون يىل
ھاپاش قىلىپ يۈرگەن بولسام، يۈرىكىم قانارمىكىن تاڭ...

مىراكام كۆز يېشى قىلدى، ۋاپات بولغىنىغا يىگىرمە نەچچە
يىل بولغان ئايالىغا نۇرى تۈگىگەن خۇنۇك كۆزلىرىدىن⑥ ساپ
ياشلارنى ئاققۇزدى...

— ھازىر كىم قارايدۇ سىزگە، مىرا دادا؟

— كىم بولاتتى؟ خوتۇن، — دېدى ئۇ كىر ياغلىقى بىلەن
كۆزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — جامائەت تەرتىمگە سۇ بەرسۇن
دەپ بىر مومايىنى چېتىپ قويۇۋېدى، ئۇ ئەمدى مېنىڭ گەج-
گەمگە مىندى⑦، ئوتۇن توشۇتۇۋاتقان، سۇ ئەكەلدۈرۈۋاتقان،
ھەتتا ئوچاقنىڭ كۈلى، ئۆينىڭ يۇندىسى، ئېلىم - بېرىم⑧،

里了?我有工作有官职的时候,他用尽世间最甜美的话语述说“忠诚”;当我走恶运,遇到非理的惩戒时,满耳都是她的抱怨声。不顾三个孩子的情面,跟我离婚。没过一个月,不顾一个当大官的鳏夫年事已高,投入了他的怀抱。所有这些难道村子里的老人都知道了。

“你艾孜乃姆大妈是个好女人呀”,米尔老爹狠狠地吸了一口莫合烟说:“亚热我真想早点到那个世界去,明天就在阴曹地府和她见面。亚热你听说了吗?我们的拜拉去世了,我埋葬了四个孩子,但这是安拉的旨意,只有听天由命了。就是这样我还是忘不了你艾孜乃姆大婶,每天早晨我都要朝着她的坟墓哭一场。十三年背着她走东串西,她总是有气无力地跟我诉衷肠促膝交谈,但现在就象少了什么似的,我不满足,再背着她走十年的话,也不知是否能使我心满意足……”

米尔大爹流下了热泪,为了他那去世二十多年的老伴,他那失去光辉并显得昏花的眼睛里流出了纯洁的眼泪……

“米尔大爹,现在谁照顾您呢?”

“还能有谁呢?老婆”。他用脏手帕擦了擦眼泪又说:“大家为了让我有个端茶倒水的,就给我找了一个老太太。她现在简直是骑在我的头上了,砍柴,提水,甚至连炉子里的灰,家里的

① بالىنىڭ خاتىرىسىنى قىلماسلىق 不顾孩子的面子。
② خېتىنى ئالماق 离婚。
③ مەھشەرگاھ (宗)公道场(世界末日进行总清算的地方)。
④ ئەلھۆكمىلىللا (宗)安拉的旨意。
⑤ بەرگەن ئىگىسى ئالىدۇ 听天由命。
⑥ خۇنۇك كۆزلىرى 昏暗的眼睛。
⑦ گەجگىگە مىنمەك 骑在脖子上。其中,گەجگە 同 گەدەن,意思为“颈”。
⑧ ئېلىم - بېرىم 借贷,经济方面的往来。

ئۆتنە ـ يېرىم① دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۇس ـ تۈمدە. خۇدايىم تىلىگەننى بەرمەيدىكەن، بىزار بولغاننى تاڭىدى ـ كەن، ئىگىسى ئۆزى بىلىدۇ، نېمە تارتقۇلۇقۇم باركىن تاڭ...

— نېمىشقا قويۇۋەتمەيسىز؟

— قايسى يۈزۈم بىلەن قويۇۋېتىمەن، يارى؟ — دېدى بوۋاي قاپقارا، دورداي كالپۇكلىرىنى تىترىتىپ، — ئەزنەم ئاپاڭ دائىم ماڭا: مەندىن كېيىن قالساڭ بىر موماي ئېلىۋال، ئۇ سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىسا، سەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلارسەن ناھا ـ يىتى، دەيتتى. بۇ مومايىنىڭ خىزمىتىنى قىلىمسام، قارا يۈز بو ـ لۇپ كېتىمەن، يارى...

ئۇ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن ئارانلا تۇردى ۋە ھېلىقى مەڭگەننى راسا قولتۇقلىماش قىلىپ دۇمبىسىگە تېڭىپ، مەزمۇت ئاياغلىرى بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

مەن بىردە ھۆرلىقانىڭ مەھەللىسىگە، بىردە مىرا بوۋايغا قاراپ ـ قاراپ، ئۇزاق تۇردۇم. بۇلار ھاياتقا نېمانچە ساپ كۆڭۈل بىلەن قارايدىغاندۇ؟ مىراكامنىڭ ۋاپادارىنىڭ بىر ئېغىز سۆزى ئۈچۈن ئۆلگۈچە جاپا تارتىشقا رازى بولغانلىقى، ھۆرلىقانىڭ «مېنى كۈتسۇن، كۆرەرمەن، قانچىلىك كۈتەلەيدىكىن تاڭ» دېگەن سۆزۈمنى يۈرىكىدە چىڭ ساقلاپ، توپتوغرا ئوتتۇز ياشقا كىر ـ گۈچە مېنى كۈتۈشى، ئاخىر مەن تۈرمىگە كىرىپ، «ئۆلۈم جازا ـ سى بېرىلىپتۇ» دېگەن سۆز قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىنلا، بەش باللىسى بار بىر بويتاق ئادەمگە كۆزىنى يۇمۇپلا تېگىپ كەتكەنلى ـ كى... پاكلىق، ساپلىقنىڭ ئالامىتىغۇ؟

مەن ھازىر ھېچنېمىگە موھتاج ئەمەسمەن، ئەمىلىم، پۇلۇم بار، سالامەتلىكىم يامان ئەمەس، ئەمما قىرىق نەچچە ياشلىق ئە ـ قىل ئىگىسى ئۈچۈن ئەمەل، پۇل، سالامەتلىك بايلىق ھېسابلان ـ

污水，借呀还呀一类的小事都要我去做。老天爷呀，你需要的上帝又不给你，你不喜欢的他却要强加于你，只有老天爷才知道，我还要经受什么样的苦难……”

“为什么不离婚？”

“我有什么脸面离婚，亚热？”大爹颤抖着又黑又厚的嘴唇，接着说：“你艾孜乃姆大婶常对我说，我死后，你再娶一个老伴，她如果不能为你操劳，你就为她操劳。如不为这老太太操劳，亚热，我就成了背信弃义的了……”

他迟缓而又艰难地站了起来，把刚才那个麦秸垛用两手往后一送背在了背上。迈开坚实的两脚向前走去。

我望了一阵胡尔里喀家的街巷，又看了一阵米尔大爹的背影，站了很久。他们对待生活是多么的纯真，坦荡，米尔大爹为了过世人的一句话，一辈子吃苦还心满意足，胡尔里喀把“等着我，我会回来的，不知要等多久”这句话深深地藏在心里，等我到了三十岁。最后听说我进了监狱，判了死刑，她才闭着眼睛嫁给了一个有五个孩子的男人……这就是忠诚，是纯贞的标志吗？

我现在什么都不需要，我有官职，有钱，身体也还健康。但对一个四十多岁的明智的人来说，官职，钱，健康都不算是财

① ئۆتنە - بېرىم 借。

مايدۇ، ھايات ساپ ۋە پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ئارىلاشمىسى. ئەقىل ئىگىسىنىڭ ھاياتتىن ئىزدەيدىغىنى ساپلىق. ياشلىقىمدا ئۆزۈم چۆرۈۋەتكەن نەرسىلەر ئەمدى مەن ئۈچۈن تۇتىيا① بولۇپ قالدى. ھاياتلىق دېگەن ساپلىق ۋە ساداقەتنى ئىزدەش بولسا كېرەك. بۇ نەرسىلەر نەدە؟ كىتابتىمۇ ياكى ئۆزىنى ساپ ۋە ساداقەتلىك قى- لىپ كۆرسىتىدىغانلارنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىدىمۇ؟ مەن ئويلاي- مەن: بۇ نەرسىلەر توپا - چاڭغا كۆپرەك مىلەنگەنلەر ئىچىدە. چۈنكى ئالتۇنمۇ تاغلارنىڭ يالتىراق چوققىلىرىدا ئەمەس، قېلىن توپىنىڭ ئاستىدا - دە...

— راست ئېيتىسەن، يارى، — دېدى قارىياغاچ مېنى ئۈزد- تىپ، — توپا دۇنيادا ئەڭ خورلىنىدىغان نەرسە، لېكىن پاكىزە نەرسە ئاشۇ توپا. توپا مېنى ئۈچ يۈز نەچچە يىل كۆكلەتتى. كىم بىلسۇن، يەنە نەچچە يىل كۆكلىتىدۇ تېخى. ساپ ۋە سادىق نەرسە ئىزدەپ كەلگەن بولساڭ، توپىنى سۆي، داڭگالنى② قۇچاقلا، تۇ- غۇلغىنىڭدا سېنى پاكىز بولسۇن دەپ بەدىنىڭنى توپىلىغان③، شۇڭا سەن ئۇ چاغدا پاك ئىدىڭ. لېكىن، سەن ئەتىر سوپۇن، يۇز مېيىغا ئوخشاشلارنى بەدىنىڭگە كۆپ سۈرتۈپ، ساختىلىشىپ قالدىڭ. بارغىن، توپىدىن ياسالغان ئۆيلەردە يات، توپىدىن ياسال- غان تونۇرنىڭ نېنىنى يە، توپا ئارىلاشقان لاي سۇنى ئىچ، توپا چىقىپ تۇرغان كىگىزلەردە قورۇنماي يات، شۇ چاغدا پاكىز ۋە ساپ بولىسەن...

1963 - يىلى، غۇلجا، 1981 - يىلى، بېيجىڭ

富，生命是纯洁与肮脏的混合物，理智的人从生活中探寻的是纯真。年青时我所抛弃的东西现在对我来说是无价之宝。活着就应该寻求纯真和忠诚，而这些东西又在哪里呢？是在书中，还是在使自己显得忠心耿耿的那些漂亮语句里？我在想，这些大多是在粘着泥土尘埃的东西中间。因为金子并不是在闪耀光芒的山顶上，而是在厚厚的泥土里……

“你说的太对了，亚热”，榆树给我送行说，“土是世界上最受屈辱的东西，但最干净的东西还是土壤，土壤让我郁郁葱葱，枝叶繁茂了三百多年，谁知道还能让我茂盛多少年。你如果是来寻求纯洁和忠诚的话，就吻一吻土地吧，拥抱这土疙瘩，在你出身时为了让你干净，就用土净身，那时你是很纯洁的。但你的脸上和身上抹了许多有香味的东西后，你就变得虚假了。去，去住在用土盖的房子里，去吃用土馕坑烤熟的馕，去喝混有泥土的水，不要拘束，去睡在落有尘土的毡子上，那时，你就会洁净，纯真了……”

1963年写于伊犁，1981年改于北京

① توتىيا 稀世之宝。
② داڭگال 土疙瘩，土坷拉。
③ توپىلماق 撒陈土，麦苗返青后，向地里撒坑土，灰土，作用略同施肥。

# خەزىنە

## 1

ئۇ ئۆيىگە كۈلگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ يول بويى ئاپتو-بۇستىمۇ، پىيادە كېتىۋېتىپمۇ كۈلكىسىنى يوشۇرالمىدى. نۇر-غۇن كىشىلەردە گۇمان پەيدا قىلغان بۇ كۈلكىسى بىلەن ئەمدى ئۇ ئايالىنى خۇشال قىلدى ـ دە، ئۆزىنى دىۋانغا تاشلىدى.

ئايالى ئېرىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۆز مىجەزىنى بەلگىلەشكە ئادەتلەنگەنىدى. ئېرى كۈلگەنىكەن، دېمەك، ئۇمۇ قاقاقلاپ كۈ-لۈشى لازىم. چۈنكى، ئېرىنىڭ خۇشاللىقى ۋە خاپىلىقىغا شې-رىك① بولۇش ئۇنىڭ بۇرچى. ئايال بۇرچىنى ساداقەتلىك بىلەن ئورۇنلىدى، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە، ئېرىنى كۈتۈش رەسمىيەتلىد-رىنى ئورۇنلىدى: ئېرىنىڭ پەلتوسى، كەپكە ۋە شارپىلىرىنى ئې-لىپ جاي ـ جايىغا ئاستى ـ دە، پەتنۇستا بىر پىيالە ئىسسىق چاي ئەكېلىپ دىۋان شىرەسىگە قويدى. ئاندىن كېيىن قوللىرد-نى تىزىغا قويۇپ، ئېرىگە زوقلىنىپ قارىدى.

ئېرى ئۆزىچىلا بېشىنى ئېغىتىپ كۈلەتتى②. بىردىنىلا چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، سورلۇك تۇسكە كىرەتتى③ ۋە يەنە كۆز قۇيرۇقلىرىدا قويۇق سىزىقلارنى، ئىككى قوۋۇزىدا چوڭقۇر ئويۇ-مانلارنى پەيدا قىلىپ، تورۇلۇپ كۈلەتتى.

— كۈلۈڭ، — دېدى ئايالى ئېرى بىلەن تەڭلا ۋە ھېچ نەر-سىنى چۈشەنمەيلا كۈلۈپ، — كۈلۈپلا يۈرۈڭ، ئىشتىن دائىم مانا

# 金库

他笑呵呵地走进屋里，一路上无论是坐车还是走路他都无法掩饰，禁不住地笑着。他带着这种多少人生疑，却叫妻子高兴的微笑，一屁股坐在了沙发上。

他的妻子已习惯看丈夫的脸色调节自己的情绪。丈夫笑，她也跟着哈哈大笑，因为迎合丈夫的欢乐与恼怒是她的天职，妻子忠心耿耿地完成着她的使命，她开心地笑着，把丈夫的一切都收拾得规规整整：把丈夫的大衣、帽子和围脖儿都挂到该挂的地方，手端着放热茶的托盘，摆在了茶几上。然后她把两手放在膝上，很有兴致地望着丈夫。

丈夫独自摇着头笑着，突然脸色又阴沉了下来，眼角出现了深深的纹线，两边的腮颊深深地凹了下去，然而他又笑了。

“笑，笑”他妻子说着其实什么也不明白，便随丈夫一起笑起来，“你应笑口常开，下班回来就应该这样高高兴兴的，生活

① شېرىك 伙伴，同伙，党羽，党徒。
② بېشىنى ئىغىتىپ كۈلەتتى 摇着头笑了。
③ سۈرلۈك تۈسكە كىرمەك 脸色阴沉下来。

مۇشۇنداق خۇشال قايتىڭ، تۇرمۇشىنىڭ يولىمۇ شۇ، خۇشال ـ خۇرام يۈرۈڭ، سىزنى يەنە ئۈستۈرگەن ئوخشايدۇ ـ دە، ھەق بوپتۇ. بىرىنچىسى بولدىڭىزمۇ، يا مۇئاۋىنىمۇ؟ — ئايال ئېرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى.

— ھەي دىلارە، سەن تېخىلا مەنسەپ تەمەسىدىمۇ[1]؟ ئېيتقىنا، مەنسەپدار بولۇش بەختلىك بولغانلىقمۇ؟

— بولمىسىچۇ؟ — دېدى ئايال قورۇق چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن تېخى گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان چىرايىنى سۇزۇشتۇرۇپ[2]، — بۇمۇ ئۆزىڭىزنىڭ چۈشەنچىسىغۇ...

— ھا، ھا، ھا !... — ئەر قاتتىق كۈلدى، — گېپىڭنى قارا، دىلارە، مەن بەختنى شۇنچىلىك تار مەنىدە چۈشەنگەنمىدىم؟ بەختنىڭ قەدرىگە يەتكەن ئادەم ئۇنى توغرا تەرىپلەشنىمۇ بىلىدۇ. دىلارە، بىلىپ قوي، بەخت دېگەن نام قالدۇرۇش، ئۆلمەس نام قالدۇرۇش[3] !

— مۇنداق دەڭ، سېيىتوف ! — دېدى دىلارە خانىم ئېرىنىڭ كاستۇمىدىكى چاڭنى بارمىقى بىلەن چېكىپ تۇرۇپ، — ئەلۋەتتە، سىزنىڭ نامىڭىز خەلق ئاغزىدا مەڭگۈ قالالايدۇ.

— ئېغىزدا ئەمەس، مانا مۇنداق گېزىتتە، كىتابلاردا قالسا بولىدۇ، — دېدى سېيىتوف گېزىتنى شىرەگە يېيىپ، — ئوقۇ، ئوقۇغىنا !

ئايال ئىنچىكە قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ قويۇپ[4]، گېزىتتىكى ماۋزۇنى ئوقۇدى:

— «ئىسلامىيەت ۋە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى»، پاھ ! يېپيېڭىلا گەپقۇ، يازغۇچىسىنىڭ ئىسمىمۇ ھەم ئاجايىپ ئىكەنە، «بەھرام سەئىدى»، بۇ كىمدۇ؟

سېيىتوف قولىنى ئايالىنىڭ مۈرىسىگە تاشلىدى ۋە قاقاقلاپ كۈلدى:

就应该如此，你好象又被提升了，说真的，是第一把手呢，还是副职？”妻子期待的目光注视着丈夫。

“嗨！迪拉热，你真是官迷，你说说看，当官是不是很幸福呀？”

“难道不是这样吗？”他的妻子说道。虽然她的脸上已有皱纹，但仍不失风韵，笑眯眯地说：“这不也是你的意思嘛……”

“哈哈哈！……”丈夫大笑起来，瞧你说的，迪拉热，我会把幸福理解得这样狭隘吗？能达到幸福境界的人才知道它的正确定义是什么。迪拉热，你要知道，幸福就是留名，留芳百世”！

“原来是这样，赛依托夫”。迪拉热夫人用手指掸丈夫西装上的灰尘，说“当然，你的名字会在人民中间广为传颂的。”

“不仅是在口头上，你看看，应在这报纸上，书籍里，留下我的大名。”赛依托夫说着将报纸摊在茶几上，“你读，读啊！”

妻子皱了一下柳眉，读着报纸上的题目：

《伊斯兰教和维吾尔书面文学》，啊，多么新颖的题目！连作者的名字也很怪，白克拉木·赛依德是谁？

赛依托夫把手放在妻子的肩上，哈哈大笑着说：

① مەنسەپ تەمەسى 官迷。
② چىرايىنى سۇزۇشتۇرۇمەك 满脸堆笑。
③ ئۆلمەس نام قالدۇرماق 留芳百世。
④ قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ قويماق 皱眉。

— دىلارە، ھەي ئەخمەق، قارا سېنىڭ نادانلىقىڭنى، لېكىن سەنزە، دۇنيادىن نادان ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايسەن، يەنە ئوقۇغىنا، بۇ كىمدۇر؟

— بەھرام سەئدى! — ئايالى ئۈچ قېتىم ئوقۇدى ۋە تەڭقىسلىقتا بېشىنى چايقىدى:

— راستلا ئېسىمگە ئالالمىدىم، سېيىتوف. بۇ زادى كىم؟

— ھەي نادان، بۇ مەن، بۇ سېنىڭ ئېرىڭ!

— نېمە؟ بۇ سىز؟ مەن سىزنى تونۇغاندىن بېرى سېيىتوف دەپ بىلەتتىم، 60- يىلدىن كېيىن سى جۇيجاڭ، سى شۇجى، سى فۇبۇجاڭ... بولۇپ كەلگەنتىڭىزغۇ؟ بۇ تەس ئىسمىنى نەدىن تېپىۋالدىڭىز؟

— مېنىڭ ئەسلىي ئىسمىم نېمىدى؟

— رەھمىتى قېيناتام سىزنى بەكرى، بەكرەم دەيتتى، راست!

— ھە، ئەمدى تاپتىڭ، مېنىڭ ئەسلىي ئىسمىم بەكرى، بۇنىڭ ئەرەبچە ئېيتىلىشى بەھرى — دەريا دېگەن بولىدۇ. بۇ ئىسىمنى تارىخىي سۆپەت بىلەن ئاتىغاندا، بەھرام بولىدۇ. بەھرام كىم، بىلەمسەن؟ بىلمەيسەن. نامى مەشھۇر پەرھادنىڭ ئاكىسى... دادامنىڭ ئېتى سېيىت، بۇ ئىسمىنىمۇ ئۆز تەلەپپۇزى بىلەن ئېيتقاندا، سەئدى بولىدۇ. بۇ كىم؟ بىلمەيسەن، «گۈلىستان» دېگەن ئۆلمەس ئەسەرنىڭ ئاپتورى، نامى ئۆلمەس شائىرى سەئدى*.

— پاھ، سېيىتوف، ھە راست، سەئدى، سىزنىڭ بىلىمىڭىز ناھايىتى چوڭقۇر. مەن نەدىن بىلەي بۇ گەپلەرنى، بۇ گەپكە

* «بەكرىنىڭ ئەرەبچە ئېيتىلىشى بەھرى»، «‹گۈلىستان›نىڭ ئاپتورى سەئدى»... دېگەن گەپلەر بۇ شەخسنىڭ بۇ ھەقتىكى ساۋاتسىزلىقىنىلا بىلدۈرىدۇ. ئەرەبچىدە «بەكرى»، «بەھرى» دېگەن ئىسىمنىڭ ئىككىلىسى بار. «گۈلىستان»نىڭ ئاپتورى «سەئدى» ئەمەس، «سەئدى».

"迪拉热，哎，你这个傻瓜，看你傻的，你呀，你就是这么傻得过世吗，你再念念，看这是谁？"

"白克拉木·赛依德！"妻子一连读三遍，为难地摇了摇头说：

"我直的想不起这是谁的名字，赛依托夫，这到底是谁？"

"嗨，傻瓜，嗨，傻瓜，这就是我，这是你的丈夫呀！"

"什么？这是你？我打认识你到现在，只知道你叫赛依托夫，六十年代以后，便是赛局长，赛书记，赛副部长，……这饶口的名字你是从哪儿找来的？"

"我的原名叫什么？"

"对，我那过世的公爹叫你白克力·白克热木"。

"哎，现在你明白了，我的原名叫白克力，它的阿拉伯读音是白合力，是河流的意思，从历史的角度讲应该叫白合拉木，百合拉木是谁，你知道吗？你不知道。是著名的帕尔哈提的哥哥……我父亲的名字叫赛依提，这个名字按照原来的读音应该叫赛依德[1]，这人是谁？你不知道。他是《蔷薇园》这部不朽之作的作者"。

"啊呀，赛依托夫，对，赛依德，你的知识可真渊博，这些事儿我打哪儿知道呀？照这么说来，这篇文章是抬高你声誉的文

① "白克力的阿拉伯音是'白合力'，《蔷薇园》的作者赛依德"这是他没有知识的表现。阿拉伯语中人多有"白克力"和"白合力"两种。《蔷薇园》的作者不叫"赛依德"，叫"萨迪"

قارىغاندا، بۇ ماقالە سىزنى ئۆستۈرىدىغان ماقالىكەن ـ دە، تەبى-رىكلەپ ئادەملەر كېلىشەر بەلكى، قاراڭ، سەئىدى، ئەمدى ئۆس-سىڭىز، ئازادە بىر ئۆي تەلەپ قىلمىسىڭىز بولمايدۇ، تارچىلىق-تىن تويۇپ كەتتىم... — ئايال ئېرىگە بېشىنى يېقىن قىلدى.

— بولىدۇ، دىلارە ! چۇجاڭ، بۇجاڭ بولۇشنىڭ لەززىتى قال-مىدى، بۇ مەنسەپ بىلەن قەشقەر، ئۈرۈمچى، غۇلجا، قۇمۇل... ئېشىپ كەتسە بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگىلا بارالايسەن، لېكىن دوك-تور، ماگىستىر[①]، پروفېسسور، ئاكادېمىك[②] بولۇۋالساڭچۇ؟ نيۇيورك، توكيو، لوندون، بېرلىن، پارىژ... دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىگە بارالايسەن، بۇ ناملار ساڭا قانات بولالايدۇ... مەن ئۆز ۋاقتىدا ئەخمىدىلەر بىلەن مەدرىستە كونا ئەدەبىياتنىمۇ ئوقۇغا-نىدىم، كادىر بولغاندىن كېيىنمۇ كونا ئەسەرلەرنى يوشۇرۇن ئو-قۇپ يۈردۈم. خوتۇن، ساڭا ئېيتمىغىنىم بىلەن، مەن كلاسسىك ئەدەبىياتقا، تارىخقا بەك قىزىققان، بۇ ساھەدە ئانچە ـ مۇنچە بىل-لىممۇ توپلىغانىدىم. لېكىن كېيىن قارىسام، بۇ ساھەدىكىلەر دۇمبانىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. قاراپ تۇرۇپ دۇمبالانغۇچە، دۇمبالىغۇچى بولۇۋالايمۇ، دەپ، بۇ ئىشتىن قول ئۈزدۈم. ئۆ-گىنىڭ دەمسىنا؟ قېرىدىم، ۋاقتى ئۆتتى، ئەمدى ئەسەر ئىپلان قىلىشنىڭ بىر ئاسان يولىنى تاپالىسام[③]...

— تاپالايسىز ! شۇ ئەقلىڭىز بىلەن جەزمەن تاپالايسىز، — دېدى ئايالى خۇشال بولۇپ. ئۇ ھاراق ئېلىپ كەلدى. سەئىدى خۇشاللىقتا بىر رومكا ئىچتى ـ دە، ئازراق ھاراق قۇيۇلغان ئىككىنچى رومكىنى دىلارەنىڭ چىرايلىق لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ، بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەسلا لىڭشىتىپ[④] قويۇپ ئىچىۋەتتى.

章啦，来庆贺的人一定不少，赛依德，你瞧，提升了没间宽敞的房子可不行，对这窄小的房子我都厌烦透了……”。妻子把头靠近了丈夫。

“行啊，迪拉热！我对当区长，部长都没有兴趣，有了这样的职务只能在喀什，乌鲁木齐，伊犁，哈密走走，顶多到北京，上海等地转转，但是如果当上了博士，研究员，教授，院士哪？就可以去纽约，东京，伦敦，柏林，巴黎，可以去世界各地，这些称号会让你展翅飞翔……我以前和阿合迈德他们一起在高级经文学校读过古代文学，当了干都以后也偷偷看过一些古书。老婆，我虽没跟你说过，但我对古典文学和历史都很感兴趣，在这些领域，我多少积累了一些知识。可是往后，这些领域都受到了冲击，与其眼睁睁地受冲击，还不如做个冲击者，我就只好不染指这些，要说再学，我老了，时光已逝，现在我要是能找到一条出书的捷径的话……”

“你能找到！凭你的聪明才智，你一定会找到”。妻子兴奋地说道。她端来了酒，赛依德兴奋地喝了一杯，又拿起倒了第二杯，送到迪拉热的朱唇边让她抿了一口，然后把头一仰毫无反应地喝了下去。

① ماگىستىر 研究员。
② ئاكادېمىك 院士。
③ ئاسان يولىنى تاپماق 走捷径。
④ بېشىنى لىڭشىتماق 把头一仰。

## 2

— بۈگۈنكى ئولتۇرۇش ساڭا زېرىكىشلىك، كۆڭۈلسىز تۇ-يۇلىدۇ، لېكىن دىلارە، چاندۇرمىغىن جۇمۇ، مېھمانلىرىمىز مىلجىڭ① قېرى موللىلار، خۇددى بوۋاي تارمۇش چايىنىغاندەك ②، ئاغزىغا كىرىپ قالغان گەپنى كەچكىچە چاينايدىغان، چۇشىنىكسىز ھەم ئەزۋەيلەپ سۆزلىشىدىغان③ قېرىلار. لېكىن، دىلارە، ئۆزۈڭنى خۇشخۇي، سەۋرچان، قىزغىن تۇتقىن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك كۆرۈنگىن، بولسا تېخى ئارىلاپ ئۇنى - بۇنى سوراپمۇ قويغىن، ئۇلار ھەر - ھەر سورۇنلارنى كۆرگەن تېجىمەللەر④، ساڭا ياخشى باھا بېرىشسۇن. مانا، سەئىدىنىڭ ئايالىمۇ بىر ئىلىم ئەھلىكەن، سەئىدى ئۆز ئۆيىدە ئوبدان ئىستىقامەت قىلىپ⑤، ئىلىم تەھسىل قىلغاچقا، ئۆيدىكىلىرىمۇ قۇرۇق قالماپتۇ، دېيىشسۇن. بۇ گەپ جەمئىيەتكە چىققاندا، مېنىڭ بېشىمغا تاج بولالمىسىمۇ، ھەر ھالدا بىر يالتىراق موي بولالايدۇ. كۆركەملىك ئەنە شۇنداق مويلاردىن، بېزەكلەردىن قورۇلىدىغان گەپ...

سەئىدى مول يېمەك - ئىچمەكلەر تىزىلغان شىرە ئۈستىگە يۇققا داكا يېپىۋېتىپ، ئايالىغا يوقىرىقىلارنى تاپىلىدى. ئايالى ئۇنىڭ ھەربىر گېپىنى ئەستايىدىللىق بىلەن باش لىڭشىتىپ قوبۇل قىلدى ۋە ئاخىرىدا:

— سىزلا خۇشال بولىدىغان بولسىڭىز زادى... — دەپ قويدى.

خۇشال دەمسىنا؟ ھەي دىلارە، نەدىكى خۇشاللىق، مەن بۇ قېرىلارغا ئۆلگۈدەك ئۆچمەن. ئات تېزىكى ئالتۇن بولۇپ قالدى. ئەرەبچە، پارسچە بىلگىنى ئۇلارنىڭ جىنايىتى بولۇپ كەلگەندى،

## 2

"今天的聚餐你可能会厌倦，不开心。可是，迪拉热，你可别流露出来，好吗？我们的客人是些行动迟缓的老毛拉，说起话来就象老头嚼牛皮筋似的，嘴里的话讲到晚上也讲不完，都是些讲话令人费解，叫你失去耐心的老头。但是，迪拉热，你一定要使自己和颜悦色，有耐心，热情，要做出洗耳聆听他们话语的样子，甚至还要不时地提几个问题，他们是见过世面的穷酸，让他们给你一丁点好的评价，让他们说，可不是吗，赛依德的妻子也是个知识分子。赛依德在家里做学问，家人受益匪浅，也没闲着。如果这些话传播到社会上去，我的头上即使戴不到一顶金冠，也会光彩照人的。我要用这些美丽的羽毛，去修建金碧辉煌的殿堂……"

赛依德用薄纱将摆满茶几的丰盛食品盖上，给妻子交待了一下，妻子全神贯注地听着他的吩咐，点头答应着，最后她说：

"只要你高兴就是了，到底……"

"你说高兴？哎，迪拉热，哪里有什么愉快，我恨死这些老家伙了，马粪如今也成黄金了，懂得阿拉伯语，波斯语以前是他们

① مىلجىڭ 迟钝，慢吞吞的。
② تارمۇش چاينىماق 嚼牛皮筋。
③ ئەزۋەيلەپ سۆزلەشمەك 喋喋不休。
④ تېجىمەل 穷酸。
⑤ ئىستىقامەت قىلماق 坐禅。

ئەمدىلىكتە مانا دەسمايىسى، بايلىقى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ بايلىقىدىن بەھرىمەن بولاي دېمىسەم، ئۇلارغا بۇنداق داستىخان سېلىپ يۈرەمتىم؟ بىلىسەڭغۇ، بۇ ئۆيدە نامى چىققان ئەربابلار مېھمان بولۇپ كەلگەن. ئۇ چاغدا مەنمۇ ھازىرقىدەك ئىستىقامەت، ئىلىم تەھسىل قىلىش... دېگەندەك سۆزلەرنى تىلغا ئالمايتتىم، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى، پەلسەپىنىڭ سەككىز كاتېگورىيىسى قاتارلىقلار ئۈستىدە گەپ تالىشاتتىم. ھەي، مەن مانا ئاشۇ ئاتالمىلار ھېسابىغا ئۆسمەن، ئۆرلەيمەن دەپ ئويلىغانىكەنمەن. لېكىن... ئون يىل ۋەسۋەسە بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋىدى، بىردىنلا ئۈمىدسىز بوۋايغا ئايلىنىپ قالدىم. تۇيۇقسىزلا، تۈندە كۆرۈنگەن چىراغتەك، مانا ئۈمىد يۇلتۇزۇم كۆرۈندى. مۇشۇ بوۋايلارنى ئەتراپىمغا يىغسام، ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە ئۆز يېنىمدىن ئاز - تولا بىر نېمىلەرنى قوشسام، ئوڭايلا شان - شەرەپكە ئىگە بولالىشىمغا كۆزۈم يەتتى، خوتۇن... مانا شۇنىڭ ئۇچۈنلا چاشقان ئۇۋۇسىغا قاراپ ياتقان مۈشۈكتەك[1]، موللىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ تاما بىلەن ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. زېرىكىشلىك، جانغا تېگىدىغان ئىش!... لېكىن شان - شەرەپكە ئىنتىلىش كىشىنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ[2] دەيسەن!

سىرتتىن يۆتەل ئاۋازى كەلدى. ئارقىدىن ئۇزۇن چاپان كىيگەن ئۈچ ئادەم ئېگىلىپ سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى. بىر دەمدىن كېيىن يەنە بۇرۇتلۇق، كېلىشكەن بىر يىگىت بىلەن چارساقال بىر ئادەم كىردى. مانا شۇنىڭ بىلەن مېھمانلار كېلىپ بولدى، شىرە ئۈستىدىن داكا ئېلىندى.

— تەقسىر، قورۇنماي كەڭرى ئولتۇرسىلا[3]! — دېدى دىلارە خانىم ئەڭ قېرى موللىغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، — ياستۇق ئېلىپ بېرەيمۇ يا؟

— رەھمەت، سىڭلىم، ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى!...

的灾难，而今却成了他们的资本和财富。如不是为了从中得利，我会设宴请他们？这间屋子曾接待过多少知名人士，你是知道的。那时我不象现在这样说些学习知识之类的话，而是谈论社会发展史，哲学的八个范畴等。嗨，我曾想用这些知识来提高自己的声望。但是……十年动乱使一切都付诸东流了，我一下子变成了毫无希望的老人，突然，就象黑夜中的一盏明灯，希望之星又出现了。如果我把这些老头集中到我的身旁，往他们的议论中加点自己的见解，很容易获取名利的，老婆，……这就象躺在老鼠洞口等待老鼠的猫一样，贪婪地坐着看毛拉们的嘴巴。真是令人生厌，要人命的事情！……可是，话又说回来了，贪图名利的人什么事都做得出来”。

从外面传来了咳嗽声，随后三个穿长袷袢的人行礼问候走了进来，过了一会又进来了一个留着小胡子的英俊青年和一位灰白胡子的人，就这样，客人算是到齐了，茶几上的薄纱也揭开了。

“老先生们，别客气，随便坐！”迪拉热对着年龄最大的毛拉表示尊敬地说道：“给您拿个枕头来垫在腰上，好吗？”

“谢谢，妹妹，那样就更好啦”。

① چاشقان ئۆۋسىغا قاراپ ياتقان مۈشۈكتەك 好似躺在老鼠洞口捉鼠的猫一样，意为一举两得。

② كويلارغا سالماق 想办法。

③ قورۇنماي كەڭرى ئولتۇرسىلا 不要拘束，随便坐。

يېرىم سائەتلىك جىمجىت يېيىش - ئىچىشتىن كېيىن، سەئىدى قېرى موللىغا قارىدى:

— تەقسىر، ئۆزلىرىنىڭ خاھىشلىرىغا① بىنائەن، مەي - شاراب تەييارلىمىدىم. مۇبارەك ئاۋازلىرىنى سىمغا ئېلىۋالساق مالاللىق يەتمەسمىكىن؟ داموللام، قورساقتا بارىنى تۆككەن بولسىلا، كلاسسىكلارنىڭ نادىر شېئىرلىرىنى نەچچە كۈنلەپ ئاڭلىساممۇ قانمايمەن. بۈگۈن كۆڭلۈم يايرىۋالسۇن... دىلارەمۇ شېئىر ھەۋەسكارى!

— ئوبدان، تولا ئوبدان! — دېدى قېرى موللا ئورنىدىن قىمىرلاپ قويۇپ، — ئۆزلىرى ھۆكۈمەت ئادىمى، بىزدەك موللىلارنىڭ ئەرزىمەس گەپ - سۆزلىرىگە تولىمۇ يۇقىرى ھۆرمەت كۆرسىتىۋاتىدىلا، لېكىن تاغنى تەخسىگە ئالغىلى بولماس، ئەپەندىم. مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى توپلانغان شېئىرلار مىسالى بىر تاغ. بۈگۈن ئىسمەت داموللا «دىۋان ئەھمەد يەسەۋى②» دىن تەپسىر قىلىپ بەرسۇنمىكىن دەيمەن. بۇ كىشىنىڭ بىلىمى تولىمۇ چوڭقۇر، تولىمۇ كەڭ، ئوبدانراق ئاڭلايلى.

بۇرۇتلۇق يىگىت ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ تەزىم قىلدى ۋە ئورنىغا قايتىدىن ئولتۇردى - دە:

— ئاخۇنۇم توغرا ئېيتتى، مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى توپلانغان شېئىرلار بىر ئالتۇن تاغ. مېنىڭ ئالىقىنىمغا شۇ تاغنىڭ بىر تال تېشىلا سىغىدۇ، بۈگۈن داستىخان ئۈستىگە شۇ بىر تال تاشنى قويالىسام، چوڭ ئىش قىلغان بولىمەن، — دېدى.

تەپسىر باشلاندى. موللا ئالدىغا كىتابنى قويۇۋېلىپ شېئىرلارنى يادا ئوقۇيتتى ۋە ئاددىي، ئىخچام تىل بىلەن مەنىسىنى يېشەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق، تەلەپپۇزى ئېنىق ئىدى. سەئىدى ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ھەيران قالدى، مۇشۇ پەرىجلەر ئىچىدىمۇ ئادەملەر

静静地吃了半个小时后，赛依德看着老毛拉说：

“先生，根据你们的意愿，我没有备酒，把您老人家的声音录下来，不算打扰吧？大毛拉，把你满腹的知识都倒出来，对我们的古典诗歌，你讲几天几夜我都听不厌，今天就让我一饱耳福吧！迪拉热也是个诗歌爱好者”。

“好，很好！”老毛拉挪动了一下身子，又接着说：“你是国家干部，对我们这些毛拉的话给予如此高度的评价，但是，先生，盘子里是盛不下大山的。几千年来积累的诗歌就好比一座大山，今天就请依斯买提大毛拉给我们讲讲《阿合买德·叶赛维传》吧。他知识很渊博，面也很宽广，让我们洗耳恭听吧！”

留着小黑胡子的小伙儿起身行了个礼，又坐回原位说：

“阿訇说得对，几千年来积累的诗歌，就是一座金山，我的手掌上只能放得下金山上的一块石头，今天我若能把这块石头摆在这个宴会上，对于我来说，真是一件了不起的事”。

讲学开始了，毛拉把书放在自己的面前，开始背诵诗句并简洁明了地解释其义。他的声音亲切委婉，发音清晰。赛依德不停地换录音机里的磁带。他震惊了，真想不到穿对襟长袍的人

① خامىش 心愿，意愿，倾向。

② ئەھمەد يەسەۋى 艾合买德·叶赛维，生于11世纪末，南宋初喀喇汗王朝的维吾尔诗人。

بارلىقىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ياش موللا كىتابنى ۋاراقلايتتى، لېكىن ئوقۇمايتتى، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاجايىپ سۆزلەر چىقماقتا. مەنىلىك، تەسىرلىك سۆزلەر سەئىدىنى ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىمۇ دەرھال ماگنىت تۆمۈر پارچىسىنى ئۆزىگە تارتقاندەك[1] ئۆزىگە تارتىۋالغانىدى. موللىنىڭ سۆزلىرى تاغ بۇلاقلىرىدەك قايناپ، ئېتىلىپ چىقاتتى. سەئىدى ئويلىدى: «بىر تال تاش ئىدەكەن تېخى، پۈتۈن ئالتۇن تاغنى بىلىۋېلىش يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك ئىشكەن... ياق، مەن بۇنى ئاسانلاشتۇرىمەن. يېزىلغان ۋاقتى، ئىگىسى، ھە، بولدى...» ئولتۇرغان موللىلار ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تەپسىرگە قوشۇلۇپ قوياتتى[2]، ئۇلارمۇ ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ كەتكەن، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا قىزىقىش ۋە ھاياجان بىلەن ئىسمەت داموللىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

ئولتۇرۇش يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. سەئىدى سورىدى، يازدى، موللىلارغا يازغۇزدى، ھەتتا پولۇ يېيىلىۋاتقاندىمۇ، كېيىن سۇيۇقئاش ئىچىلىۋاتقاندىمۇ، موللىلارنى بىكار قويمىدى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن، سەئىدى ناچار كېيىنگەن، ساقاللىرى ئۆسكىلەڭ، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشىنى يەنە شۇ ئۆيدە مېھمان قىلدى. مېھمان ئىككى رومكا ھاراق ئىچكەندىن كېيىن:

— ئۈچ يىل تۈرمە، ئون يىل لاۋگەي، قالپاق ... زېھنىمنى ئۆپرىتىۋەتتى، بولمىسا... — دەپ سۆزلەشكە باشلىۋىدى، دىلارە خانىم سەئىدىنى شەرەت بىلەن سىرتقا چاقىرىۋېلىپ:

— بالاسى تەگمىسۇن ! — دېدى.

— ئەخمەق، ئۇنداق چاغلار ئۆتۈپ كەتتى، بىلىمىلىك، ۋىجدانلىق يىگىتكەن، كۆچۈرىدىغان بىرەر نەرسە بولسا ئىشلىسەم دەپ، ئىش سوراپ كەپتۇ... موللىلاردىن ئاڭلىغاننى تۈزەشتۈرۈپ چىقىشقا بىرەي دەۋاتىمەن.

中还有如此才华横溢的，年轻的毛拉不停地翻着书，但是并没有诵读，他妙语连珠，这些内容深奥，令人感动的词语就象磁石般深深地吸引着赛依德和他的妻子，毛拉的话语如山泉般地喷涌着。赛依德想："还是一块石头哪，要想了解一座金山的全貌，就如同用针挖井一样，……不行，我要让他讲得简单些，把写作的时间，主人公讲请楚就行了"。在坐的毛拉们不时地补充几句，他们也开始滔滔不绝了，在场的人都兴致勃勃激动地看着依斯买提大毛拉的嘴巴。

聚会一直延续到半夜，赛依德问着，记录着，也让毛拉们写，就连吃抓饭，后来吃汤饭的时候也不让毛拉们消停一会。

三天后赛依德把一个衣衫褴褛，满脸胡须，五十来岁的人带到了家里请他做客，客人喝了两杯酒后说道：

"三年监狱，十年劳改，帽子，棍子……把我的精力都耗尽了，若不是那样……"迪拉热夫人给丈夫使了个眼色，丈夫出来后她说：

"别找麻烦，惹祸！"

"笨蛋，那个年代早过去了，他是个有学识有良心的小伙子，他是来找些抄抄写写的工作，我想把从毛拉那里录好的材料交给他，让他整理出来"。

① ماگنىت تۆمۈر پارچىسىنى ئۆزىگە تارتقاندەك 就象磁石吸铁屑似的。
② تەپسىرگە قوشۇلۇپ قويماق 补充几句。

— ئۇنداق بولسا، ئۇنى ياخشى كۆتۈك، بولسا ئەللىك - ئاتـ-
مىش سوم خەجلەپ ئۇستىۋىشىنى[1] تۈزەپمۇ قويۇك، — دېدى خا-
نىم بىر نېمىنى پەملەپ[2].

بىر ئايدىن كېيىن سەئىدى ئۆيگە ئاغزىنى يۇمالماي خۇشال[3]
كىرىپ كەلدى - دە، ساپاغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئايالى ئۇنىڭ يېپ-
نىمدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ئۇ يانچۇقىدىن گېزىتنى چىقىـ-
رىپ شىرەگە يايدى، دىلارا خانىم خۇشاللىق بىلەن ئوقىدى:

— «ئەھمەد يەسەۋى شېئىرلىرىدىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر
توغرىسىدا — بەھرام سەئىدى». — ھا، ھا، ھا... ئەجەب ئەقىلـ-
لىق سىز - ھە ! ... ھېلىقى جۇل - جۇل كىيىملىك[4] يازدى-
مۇ...؟

— ئاستا ! — دېدى سەئىدى تالانى شەرەت قىلىپ...

## 3

بەھرام سەئىدىنىڭ ئەمدى ئەدەبىياتچى، تارىخچى ئۇلپەتلىرى
پەيدا بولدى. پات - پات ئۇنىڭ ئۆيىدە كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشلار
بولاتتى، ئوقۇلغان شېئىرلار لېنتىغا ئېلىناتتى، ھېلىقى «كۆ-
چۈرمىچى» ئادەممۇ پات - پات كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. ئارقا -
ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان بىر قانچە ماقالىسى بەھرام سەئىدىنى
ناھايىتى تېزلا ئىلىم - پەن خادىملىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويـ-
دى. «بىكار يۈرسىگەنىكەن، نېمىلا بولسۇن، قېرىغىنىدا بولسىمۇ
خەلققە پايدىلىق ئىش قىلىپ قويىدىغان بولدى» دېيىشتى بىزد-
لەر. لېكىن، ئۇنى ياخشى بىلىدىغانلار بولسا: «بۇ ئىلمىي ماقالد-
لەرنى ئۇ يازدىمۇ، سېتىۋالدىمۇ ياكى بۇلىۋالدىمۇ، ئالدىۋالدىمۇ،
ئىشقىلىپ، بىرىنى قىلدى. بۇلار ھەرگىز ئۇنىڭ ئەمگىكىنىڭ
مېۋىسى ئەمەس، ئۇ كونا نەرسىلەرنى بىلىسىمۇ، لېكىن بۇنچىلىك

“那你就好好地招待他，花他50~60元，打扮一下他。”迪拉热在一边很有心计地说道。

一个月后，赛依德满面春风地走进了屋子，一屁股坐在沙发上。妻子坐在他身旁后，他从口袋掏出了一张报纸，摊在茶几上，迪拉热夫人兴奋地读着：

《论艾合买德·叶赛维诗歌的形象思维》，作者白克拉木·赛依德。“哈哈哈，你可真聪明呀！就是那个穿破衣烂衫的人写的吗？”

“小声点！”赛依德说，向外面示意了一下。

## 3

白克拉木·赛依德有了文学家，史学家的伙伴了。他的家里不时地举行晚会，诵读的诗歌也录成了磁带，那个抄写者也常常出入他家。不断发表的论文把白克拉木·赛依德推进了科技工作者的行列。有人说：“他没有虚度时光，无论怎样，他在年老的时候，还是为人民作了些有益的事”。但是了解他的人却说：“这些科学论文不知是他写的还是花钱抿来的，还是抢来的，骗来的？总之，是其中之一，这绝不是他的劳动成果，尽管他懂得

① ئۈستۈبېشى 同 ئۈستى - باش 意为衣着，浑身。
② پەملىمەك 估摸，揣度，伺机，待机，小心，谨慎。
③ ئاغزىنى يۇمالماي خۇشال بولماق 高兴得合不上嘴。
④ جۇل - جۇل كىيىملىك 破衣烂衫。

ئەمەس ئىدى، ھەر ھالدا نېمىلا قىلسىمۇ ياخشى قىلدى» دېيىشتى.

سەئىدنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئۇلپەتلىرىلا ئەمەس، گەپ - سۆزلىرىمۇ ئۆزگەردى. ئەرەب - پارس تىللىرىدا يېزىلغان كىتابلارنى كۆپلەپ ئوقۇيدىغان، ئېسىدىن چىقىپ كەتكەن شېئىرلارنى يادلايدىغان، لۇغەتلەرنى ئاختۇرىدىغان بولدى، شۇنداق قىلىپ، بىر نەچچە يۈز ئاتالمىنى يادلىۋالدى. فارابىدىن[1] نىزارىغىچە[2] بولغان شائىرلارنىڭ ياشىغان دەۋرى، ئەسەرلىرى توغرىسىدا گەپ ئاچالايدىغان، ھەتتا «بۇ ھەقتە ئىزدىنىۋاتىمەن» دەپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۆيگە كىرگەندە دىلارە خانىمغا يادلىۋالغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان بولدى. ئۇ «كۆچۈرمىچى»دىنمۇ نۇرغۇن شېئىرلار، تەپسىلاتلار ۋە قىزىق لەتىپىلەرنى ئاڭلىدى، يازدۇرۇپ يانچۇقىغا سېلىۋالدى. «كۆچۈرمىچى» ئۇنىڭ ئۇلپىتى بولۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۈچ - تۆت ئايلىق كېلىپ - كېتىش نەتىجىسىدە، سەئىدنىڭ تارىخ ۋە ئەدەبىياتتىن خېلىلا قۇرۇپ، ئۇزۇلۇپ قالغان بىلىم خەزىنىسى ئاز - تولا بېيىپمۇ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ تەمەسى چوڭ ئىدى. مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىگ»، ناۋايى[3]، لۇتفى[4] ھەتتا فارابى، ئىنسانلار توغرىسىدا ئىلمىي ئەسەرلەر يازماقتا. پات يېقىندا بۇ ئەسەرلەر ئېلان قىلىنسا، سەئىدنىڭ نامى يەنە كۆمۈلۈپ قالىدۇ، بۇ ساھەدىكى شان - شەرەپ يەنە باشقىلارنىڭ بولۇپ كېتىدۇ. سەئىدى نېمىشقا ئۇلار قىلغاننى قىلالمايدىكەن؟

ئۇ موللىلاردىن نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىدى، يېزىۋالدى، لېكىن پات ئارىدا مۇشۇ يول بىلەن چوڭراق بىر نەرسە كۆتۈرۈپ چىقىشقا كۆزى يەتمىدى[5]، مانا ھازىر ئۇ تېزرەك بىرەر چوڭ ئىل-

一点古文，但没有如此深刻，不管怎样，这还是好事”。

说起赛依德本人，别说好朋友了，就连本人的谈吐都变了，他开始大量地阅读用阿拉伯语、波斯语写成的书籍，背那些已被忘却的诗歌，并且喜欢查字典了，就这样，背会了几百个名词术语，也大谈起法拉比，纳扎尔等诗人的生平和所处的时代，张口是他们的作品，闭口是我正在研究探讨这些问题。回到家里给迪拉热夫人背诵自己熟记的诗文。他从“抄写者”那里听来了许多诗文，寓言和笑话，并让他整理出来，装进了自己的口袋，“抄写者”成了他的好朋友。

就这样3-4个月过去了，赛依德在历史和文学方面有了一定的造诣，给已经缺源断水的宝库注入了生机，可是他很贪婪。正在从事研究《突厥语大词典》、《福乐智慧》以及那瓦依，鲁提菲，甚至法拉比的学者也在写这方面的文章，最近他们的文章一发表，赛依德的名字就会被埋没，这方面的金冠就会戴到别人头上，赛依德想别人能做的难道我就做不到？

他又多次地听毛拉讲学，记了不少，可是，近期用这种方法怎么也写不出象样的大块头文章。这不，现在他正在寻求尽快

① فارابى 法拉比(870—950)哲学家，音乐理论家，亚里士多德著作的诠释者。

② نەزارى 纳扎尔(1781—1848)清代维吾尔族著名诗人。

③ ناۋايى 纳瓦依(1441—1501)明朝时期中亚杰出的思想家，文学家，大诗人。

④ لۇتفى 鲁提菲(1366—1465)明朝时期中亚著名诗人，维吾尔族。

⑤ كۆزى يەتمەسلىك 看不见，没有把握。

-مي ئەسەر كۆتۈرۈپ چىقمىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا - بۇ-نىڭغا يولۇقۇپ «مەسلىھەت» ئېلىپ يۈرمەكتە.

ئۇ ئۆيىگە خىيال بىلەن كىرىپ كەلدى. دىلارە خانىم چىراي-لىق ياسىنىۋالغان ھالدا ئېرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەركىلىدى:

— ھېلىقى شېئىرنى ئوقۇڭا.

— خۇشياقمايدۇ، دىلارە.

— نېمىشقا خۇشال ئەمەسسىز، ئەمدى چەت ئەللەرگە چىـ-قىشقا تەييارلانسىڭىز بولىدىغۇ.

— تېخى يىراق. ماڭا قانات پەيدا بولغۇچە، باشقىلار ئۇچۇپ بولىدىغان ئوخشايدۇ، خوتۇن. چوڭ - چوڭ ئىلمىي ئەسەرلەر مۇشۇ يېقىندا ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇ چاغدا سەئىدىنىڭ نامى يەنە ئەخلەت ساندۇقىغا كىرىپ كېتىدۇ.

— ۋاي ئۆلەي، ئەمدى قانداق قىلىسىز؟

سەئىدى جاۋاب بەرمىدى. دىلارە خانىمنىڭ روھى چۈشتى. «ئادەملەر رەھىمسىز، بۇ كىشىنى ھەسرەتتە قالدۇرۇپ① چوڭ - چوڭ نەرسىلەرنى يازغىنى نېمىسى؟ يازسىمۇ بىرەرىنى بەھرام سەئىدىنىڭ نامى بىلەن ئېلان قىلسا، بۇنىڭ نېمىسى يامان... ھەي قىتىغۇرلار②» دەپ ئويلىدى خانىم ئېرىگە ھېسداشلىق قىلىپ.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن:

— بىلەمسىز؟ ھېلىقى چاغدىكى دوستىڭىز ئەخمىدىنى كۆردۈم، ئۇ سىزنى سورىدى، — دېدى دىلارە خانىم ئېرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ خۇشاللىق بىلەن.

سەئىدىنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قالدى.

— نېمىشقا تونۇشلۇق بەردىڭ؟ — ئۇ غەزەپ بىلەن ئايالىغا ۋارقىرىدى.

— مەن نەدىن تونۇي، — دېدى ئايالى كەينىگە داجىپ، —

地出一本科学论著的捷径，打着商讨的幌子到处奔波。

他沉思默想着回到了家里。迪拉热夫人打扮得光彩照人，她走到丈夫身旁撒娇说：

“你背诵那首诗吧！”

“我没有兴致，迪拉热！”

“你为何不高兴？现在你也该做出国的打算了”。

“还早呢，等我长出了翅膀，别人早就展翅飞翔了，老婆。最近他们的大块头学术著作就要出版了，到那时赛依德的名字就要进垃圾箱了”。

“哎哟，真要命，那么你现在打算怎么办？”

赛依德没有回答，迪拉热夫人的兴致全无，情绪一下低沉了许多，她想：人怎么这般无情，他们写那么多的文章干什么，真叫人懊丧，即使写了，用白克拉木·赛依德的大名出版有什么不好，……嗨，这些刺儿头。她非常同情自己的丈夫。

又过了十来天。

“告诉你，我看到了你过去的朋友艾合迈德，他问起了你。”迪拉热兴高彩烈地告诉丈夫。

赛依德面如死灰。

“你为什么要认出他来？”他怒气冲冲地向妻子吼道。

“哪里是我认出他的。”妻子说着吓得往后退了一步，“是他

① كىشىنى ھەسرەتتە قالدۇرۇش 令人悲伤，令人愁闷。
② قىتىغۇر 挑三挑四的，受挑刺儿的。

ئۇ مېنى تونۇۋاپتۇ، كەينىمدىن ئەگىشىپ كېلىپ ئىسمىمنى چاقىردى.

— نېمە دېدى؟ !

— سەئىدى دېگەن كىمدۇ دېسەم، بىزنىڭ بەكرى سېپىيتكەنغۇ، — دەپ خۇشال بولۇپ سۆزلەپ كەتتى، — ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ. مەنمۇ جىم ياتمىدىم، مىدىرلىغاچ تۇرۇۋاتىمەن - دېدى.

— ھە؟ شۇنداق دېدىما؟ ئۇنداق دېگەن بولسىلا، ئۇ بىر چوڭ ئىلمىي ئەمگەك① بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئۇ تولىمۇ تۈز، كەمتەر ئادەم. ئۈن - تىنسىز ھەر چوڭ ئىشلارنى قىلىۋېتىدۇ. مىدىرلىغاچ تۇردۇم، دېگىنى، ئۇنىڭ بىر چوڭ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىدىن بېشارەت بەرگىنى.

— ئىشقىلىپ، مېنىڭ خەۋىرىم سىزنى خۇشال قىلدىغۇ، ئەمدى مەنمۇ قوشۇلۇپ خۇشال بولاي، ئۇنى مېھمانغا چاقىرىشقا تەييارلىق قىلايمۇ؟

— ياق، دىلارە، — دېدى سەئىدى ئۆزىنى ساپاغا تاشلاپ، — سەن ئۇ ئادەمنى بىلمەيسەن، ئۇ مېھمان بولۇشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭغا مەن ھازىرغىچە ئۆلۈم تىلەپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگىمۇ ئىشەنگەنىدىم، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىنى بىلدىم، ئەمدى ئۇنىڭغا بىر نەچچە يىل ئۆمۈر تىلەيمەن.

— چۈشەنمىدىم، سەئىدى، — دېدى ئايالى ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئۆلۈم، ئۆمۈر تىلەش نېمىگە ھاجەت بولۇپ قالدى؟

سەئىدى جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئايالىدىن سورىدى:

— ھېلىقى كىتابلار جايىدىمۇ؟

认出了我，跟在我后面，叫我的名字。”

“他说了些什么?!”

他高兴地对我说：“我还以为赛依德是谁呢，原来是我们的白克力·赛依提。你告诉他，读了他写的文章我感到很欣慰，我也没闲着，也准备动一动。”

“是吗?是这么说的吗?如果是这样的话，他是在搞一项大的科研课题了，这对他来说是如鱼得水，他是一个刚直，谦逊的人，不声不响地就搞出个大工程来。他说他也在动弹着，这是暗示他正在搞大部头的东西”。

“总之，我给你带来了好消息，现在我也跟着你高兴一下，怎么样，把他请到家里来做客吧?”

“不，迪拉热，”赛依德说着又坐在了沙发上，“你不了解他这个人，他不愿意请客吃饭。直到现在我都希望他去死，我相信他会死掉的，可我现在知道他正在搞科研，我又要祈祷他多活几年了。”

“我就是搞不懂，赛依德：”妻子靠在丈夫的身上说：“你一会咒他死，一会又让他活，这到底是怎么回事?”

赛依德以问代替了回答，他问妻子：“那些书还在老地方吗?”

① ئىلمىي ئەمگەك 脑力劳动。

— جايىدا بولماي نەگە كېتەتتى... — ئايال ئېرىگە ھەيران بولۇپ قارىدى.

— ياخشى، بىلەمسەن، دىلارە؟ — دېدى سەئىدى ئايالىنىڭ قوللىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، — ئۇ كىتابلارنىڭ ھەر بىرىگە مىڭ يۈەن خەجلىسىمۇ ھازىر ھېچ يەردىن تېپىلمايدۇ!

— ئۇنداق بولسا، ياخشى ساقلاي، لېكىن بۇ كىتابلارنىڭ ئەخمىدى بىلەن نېمە باغلىنىشى بار؟

— باغلىنىشى بار، دىلارە. بۇ كىتابلار نەق ئاشۇ ئەخمىدىنىڭ جېنى. ئەسلىدە ئۇلار شۇ ئەخمىدىنىڭ ئىدى. ئەگەر كۆتكەن يېرىمدىن چىقسا[1]، مەن ئۇنىڭغا كىتابلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن. ئۇنىڭ ھېسابىغا ... مەن ئەرزان باھا بىلەن قىممەتلىك شان - شەرەپنى سېتىۋالايمەن...

## 4

توخۇ دان ئىزدەپ نە - نەلەرگە كېتىدۇ[2]، مال ئوت قوغلىشىپ قانچە يىراقلارغا كېتىدۇ. ھاجەتمەن ئادەممۇ ئىزدەش - سوراشنى ئاۋارىچىلىك ھېسابلىمايدۇ. بولۇپمۇ جانغا ئەسقاتىدىغان[3] بىرەر نەرسە ئۈچۈن ئادەممۇ بەزىدە توخۇغا، مالغا ئوخشاش يىراق - يېقىننى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ.

سەئىدى ئاخىر ئەخمىدىنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى تاپتى. ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر خىلۋەت كوچىدىن كىچىككىنە ھويلىسى ۋە بېغى بار ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي سېتىۋالغان بولۇپ، بىر قىزى بىلەن شۇ يەردە تۇرىدىكەن. سەئىدىگە بۇ ئادرېسنى ئېيتىپ بەرگۈچى ئادەم ئەخمىدى توغرىسىدا مۇنۇلارنى قىسقىچە قىلىپ ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

1966 - يىلى ئەخمىدىنىڭ كىتابخانىسى ۋەيران قىلىنىپ-

“不在老地方还会飞吗?……”妻子惊奇地看着丈夫。

“好,太好了,你知道吗,迪拉热?”赛依德说着把妻子的手放在自己手掌里,“那些书每一本花一千元现在也买不到呀!”

“要是那样的话,我就好好地保存它,可是那些书和艾合迈德又有什么关系呢?”

“有关系,迪拉热,那些书就是艾合迈德的命根子,原本就是艾合迈德的。如果能象我期待得那样,我就把书还给他。

我要用低廉的价格换取高贵的名誉……”

## 4

鸡为了觅食四处奔走,牲畜为了吃草不远万里。只要是我所需求的人无论有多难寻觅,我都不嫌麻烦。尤其是为了致命关天的东西,人和鸡,牲畜一样,也不嫌远近。

赛依德终于打听到了艾合迈德的住址。他在城郊较偏辟的街道里买了一套房子,这套房子有三间,还带一个果园,他和女儿住在这套房子里。告诉赛依德地址的那个人给他讲了有关艾合迈德的这些情况。

1966年艾合迈德的书房被抄,根据书目看,这间专门的书

① كۈتكەن يېرىمدىن چىقسا 如果能象我期待得那样。
② نە ـ نەلەرگە كېتىدۇ 到处都去,任何地方都去。
③ جانغا ئەسقاتماق 致命关天。

تۇ. كىتابلار كاتالوگىغا قارىغاندا، بۇ خۇسۇسىي كىتابخانىدا ئوتتۇز سەككىز مىڭ ئۈچ يۈز پارچە كىتاب، 1933 ـ يىلىدىن بې‍ـ رىقى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق تىلىدا چىققان گېزىت ـ ژۇرناللار ـ نىڭ تولۇق توپلاملىرى (جەمئىي ئەللىك نەچچە)، ئىككى كىچىك ساندۇقتا ئۆزىنىڭ قولىيازمىلىرى① ۋە كۆچۈرمىلەر بار ئىكەن. ئەخمىدىنىڭ بۇ بايلىقى مېھرىبان ئانىسى بىلەن سەۋرچان ئا ـ يالىنىڭ راسخوت ـ خىراجەتلەرنى②، باللىرىغا ئېلىپ بېرىدى ـ غان كىيىم ـ كېچەك پۇللىرىنى قىسىشى ۋە بەزىدە ئۇزۇپ قو ـ يۇشى ھېسابىغا ـــ يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىللىق جاپالىق تۇرمۇش ھېسابىغا توپلانغانىكەن (ئەخمىدىنىڭ دادىسىمۇ بۇ ئىشنىڭ ئەھ ـ لى ئىكەن). مۇشۇ شەھەرنىڭ بىر چوڭ كادىرى تۇيۇقسىزلا خۇڭۋېيبىڭلارنى ئىشقا سېلىپ كىتابلارنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئىككى ماشىنىدا لىقمۇ لىق كىتاب توشۇلۇپتۇ ـ دە، ئىز ـ دې‍ـ رەكسىز يوقىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمىدىنىڭ ئانىسى ۋە ئايالى كەينى ـ كەينىدىن ۋاپات بوپتۇ. چوڭ قىزى كىتابلار ئۇ ـ چۇن كۆرەش قىلىمەن دەپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نى تىللاپ قو ـ يۇپ تۈرمىگە كىرىپتۇ، كېيىن ئەخمىدىمۇ قولغا ئېلىنىپتۇ. پە ـ قەت 1978 ـ يىلىلا ئاقلىنىپ چىقىپ، مائاشلىرىنى تولۇق ئاپ‍ـ تۇ. قىزى سەل ئېلىشىپ قالغاچقا③، ھازىرغىچە ساراڭلار دوخ ـ تۇرخانىسىدا ئىكەن. ئەخمىدى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئەسلەشتىن قېچىپلا، بۇرۇنقى جايىنى سېتىۋېتىپ، مۇشۇ جايىنى قىممەتلىد ـ كىگە قارىماي سېتىۋاپتۇ. كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى ھېچكىمگە ئارىلاشماي، كىتاب ئوقۇيدىكەن، بىر نېمىلەرنى يازىدىكەن...

ياز ئايلىرىنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى، سەئىدى ئايالىنى ئېلىپ كىچىك ماشىنا بىلەن ئەخمىدىنىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىزلا يوقلاپ كەلدى. سەئىدى كىرىپ كەلگەندە، ئەخمىدى كىچىككىنە بېغىدا مېڭىپ يۈرۈپ بىر كىتابنى ئوقۇۋاتقانىدى. سەئىدى ئۇن نەچچە

房里共藏书三万八千三百一十四册，有从1933年以来用维吾尔语，乌孜别克语，哈萨克语出版的报纸，杂志的合订本(共五十多本)，两箱手稿和手抄本。艾合迈德的这些财富是他慈爱的母亲和勤俭的妻子省吃俭用，把给孩子添置衣物的钱挤出来，有时甚至饥一顿，饱一顿，经过20 —30年的艰苦岁月好不容易才积累起来的。(艾合迈德的父亲也曾参与此事)就是这个城市的一位大干部，突然叫红卫兵抄他的家，把书都拿走了，满满装了两卡车，从此这些书就无影无踪了。过后艾合迈德的母亲和妻子先后去世，艾合迈德的女儿为这些书也斗争过，最后以谩骂"文化大革命"的罪名被捕入狱。再往后，艾合迈德也被投进了大狱。直到1978年才平反昭雪，补发了工资，女儿精神失常，至今仍在精神病院，艾合迈德不愿回首这些痛苦的往事，卖掉了以前的房产，不顾价高买下了这套房子，搬到此地后，跟谁都不来往，成天只是读书，写作……。

夏季的一个星期日，赛依德带着妻子坐着小轿车出人意料地来到艾合迈德家拜望他们。当赛依德走进小院的时候，艾合迈德正在散步，边走边看着书。赛依德仔细地打量着十多年来

① قولیازمىسى 手稿。
② راسخوت ـ خىراجەت 开支，花销。
③ ئېلىشىپ قالماق 神经错乱。

يىلدىن بېرى كۆرمىگەن ساۋاقدىشىغا ھەيران بولۇپ سىنچىلاپ
قارىدى: ئۇ ۋاقىتتىكى ئېگىز، چاچلىرى دولقۇنلىنىپ تۇرىد-
غان، كېلىشكەن ساۋاقدىشىنىڭ گەۋدىسى يادەك ئېگىلگەن①،
قويۇق، بۇدرە چاچلىرى ھازىر كۈمۈشتەك ئاقارغان ۋە شالاڭلى-
غان، قاڭشارلىق بۇرنى② جۇدەشتىن ئىنچىكىلەپ قىڭراق بى-
سىغا③ ئوخشاپ قالغان، قوۋۇزلىرى ئىچىگە كىرىپ، ئاغزى
كەمشۈك بولۇپ قالغان، پەقەت نۇرلۇق، دۈگىلەك قوي كۆزلى-
رىلا ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى بار ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ
كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. سەئىدى قوللىرىنى سوزۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا
ماڭدى:

— سەن... سەن !... — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. قې-
رىلىق ئىنسان ئۈچۈن ئاجايىپ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كې-
لىدىغانلىقىنى ئۇ بۈگۈنكىدەك ھېس قىلمىغانىدى. ئۇزۇن يىل
بىر مەھەللىدە ئويناپ - كۈلۈپ، بىللە ئوقۇپ، خىزمەتكە چىق-
قاندىن كېيىنمۇ ئىزدىشىپ يۈرگەن مۇنۇ ساۋاقدىشىغا كەلگەن
قېرىلىق دەھشىتى ئەلۋەتتە سەئىدىنىمۇ ئاياپ قويمايتتى. مانا
مۇشۇنى ئويلاپ، ئۇنىڭ راستتىنلا كۆڭلى بۇزۇلغانىدى.

— بەھرام سەئىدى ! — دېدى ئەخمىدى بۇ تۇيۇقسىز ئۇچ-
رىشىشتىن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازى ياش ۋاقىتتىكىدەك
جاراڭلىق ئىدى. ئۇ سەئىدىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىققىنىچە ئۆ-
يىگە باشلىدى ۋە دىلارە خانىمغا قاراپ بېشىنى ئېگىپ ھۆرمەت
بىلدۈردى:

— دىلارە خانىم، سىزگە ئالاھىدە رەھمەت. بىزدەك سەھرا-
لىقنىڭ سالىمىغىمۇ④ ئالاھىدە ئېتىبار قىلىپ ئەزىز مېھماننى
⑤ باشلاپ كەپسىز !

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئەخمىدى مېھمانلارنى ئو-
رۇندۇققا تەكلىپ قىلىۋېتىپ:

— ئەمدى سېنى سەنلەيمەن، — دېدى سەئىدىگە قاراپ، —
ئۆز ۋاقتىدا ساۋاقدىشىم بەكرى سىپىت، كېيىنكى باشلىقىمىز

没见过面的这位老同学，他感到惊诧，当年身材高大，波浪形的发式，英俊潇洒的同学如今弯腰驼背，浓密而又弯曲的头发也已稀疏成了银白色，高挺的鼻子变得尖瘦，只有他那双炯炯有神的眼睛还能证明他是个活人，并且证明他正在笑。赛依德伸出手来走到他面前：

“你……你……”他的声音颤抖着，他从来没有象今天这样感到人到晚年是如此的悲哀。从小在一个街巷玩耍欢闹，一起上学读书，就连工作以后也来往甚密的同学的这种苍老，也没让赛依德同情，想到这些他真是感到很痛心。

“白克拉木·赛依德！”艾合迈德对这突如其来的相遇感到很惊异，他的声音还如同青年时代一样响亮，他紧紧地握住赛依德的手，拉着他走进屋里，并且朝迪拉热夫人行礼表示敬意说：“迪拉热夫人，要特别感谢你，是你瞧得起我这个下里巴人，给我带来了贵客。”

他们走进屋，艾合迈德请客人入座后说：“让我改变一下对您的称呼。”他看着赛依德说：“如果你是我以前的同学白克力·

① يادەك ئېگىلمەك 象弓一样弯，弯得象弓一样。
② قاڭشارلىق بۇرنى 棱鼻子。
③ قىڭراق بىسى 菜刀刃。
④ سەھرالىقنىڭ سالىمى 乡下人的问候，下里巴人的问候。
⑤ ئەزىز مېهمان 贵客。

سېيىتوف ئۈچۈن مۇنچىلىك ئىلتىپات قىلمىغان بولاتتىم. لې-كىن، بۈگۈن سەن بەھرام سەئىدىسەن. ئىسمىڭ نېمە بولسىمۇ مەيلى، بۇنىڭ كارايىتى يوق. مۇھىمى سەن ئىلمىي تەتقىقات سا-ھەسىدىكى بىر يارامىلىق ئىلىم ئەھلىسەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن، سېنى كۆرۈپ ئۇلۇغ خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ① مۇنۇ مىسرالىرىنى ئو-قۇغۇم كېلىپ قالدى:

ھازاران خى شىنا قابىل ئەگەر مىرافت چىغەم دارەم.
ۋەلى تەرسەمكى يەك بېگانە ئى ئاقىل رەۋەد ئەزدەست.

خانىم ئۈچۈن بۇ شېئىرنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي: كارغا كەل-مەس بىر تۇغقىنىم دۇنيادىن ئۆتسە، بۇنىڭغا ھېچ پەرۋا قىلماس ئىدىم، ئەمما ئەقىللىق - بىلىم ئەھلى بولغان بىر يات كىشى دۇنيادىن ئۆتسە، ياقىلىرىمنى يىرتىپ زار - زار يىغلىغان بولات-تىم، دېگەن مەزمۇندىكى بىر شېئىر بۇ، خانىم!

ئەخمىدىدىن يۇقىرى باھا ئالغان سەئىدى شېئىرنىڭ مەزمۇ-نىدىن ھۇزۇرلانغان كىشىدەك، كۆزىنى سەل يۇمۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى ۋە ئەخمىدىنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ:

— سېنى كۆرۈپ، قېرىلىقتا تەن بەردىم، ئۇن يىللىق بالا-يىئاپەتنىڭ② دەھشىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسام، ئۆلۈپ كېتەتتىم. لېكىن، سەن ھېلىمۇ شۇنچە ئۈمىدۋار، شۇنچە قىزغىن، خۇددى ياش ۋاقتىڭ-دىكىدەك جۇشقۇنسەن! — دېدى.

سەئىدى ئەخمىدىنىڭ كۆزلىرىدىن تاپا - تەنە③، نەپرەت ئالامەتلىرىنى ئىزدىدى، لېكىن تاپالمىدى. ھېلىقى چاغدا ئەخ-مىدى بىلەن ئۆچەكىشىپ كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، كېيىن-چە ئەخمىدىنى تۈرمىگە ئەۋەتىپ بەرگەن مۇشۇ سەئىدى ئىكەنلى-

赛依提，后来的领导干部赛依托夫，我都不会如此盛情。可是，你今天是白克拉木·赛依德。叫什么名字并不重要，要紧的是你已是科研领域的一位有识之士。所以，看到你，我很想背诵一首伟大的诗人霍加·阿皮孜·西拉孜的诗句，

“愚昧的亲朋死去，我不伤心流泪；失去贤明的陌生人，我将悲痛万分。”

我给夫人解释一下这两句诗：“如果是愚蠢的亲戚死了，我不会为此而感伤心，但是，去世的如果是一个有智慧、有才华的人，即使我们并不相识，我也会伤心落泪的。夫人，诗的内容就是表达了这种意思”。

获得艾合迈德如此之高的评价，赛依德似乎从诗歌中得到无限的享受，他微闭着双眼，摇头晃脑，并把手搭在艾合迈德的肩上说：

“看到你我真服老了，对十年浩劫也有了更加深刻的理解，我要是处在你的境地，早就不在人世了。可你还这样富有活力，这样热情，如同青年时期一样朝气蓬勃！”

赛依德从艾合迈德的眼睛中寻找嘲弄和仇恨的迹象，但他一无所获。他想：他难道不知道那时和他结仇，焚烧他的书籍，

① خوجا ھاپىز شىرازى 霍加·阿皮孜·西拉孜，十四世纪波斯最优秀的抒情诗人。
② ئون يىللىق بالايىئاپەت 十年浩劫，“文革”的别称。
③ تاپا ـ تەنە 奚落，嘲弄。

كىنى ئەخمىدى بىلمىگەن بولسا ـ ھە؟ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئاللىقاچان بىلىپ بولغان، لېكىن شۇنچە چوڭ دۈشمەنلىكىدىنىمۇ ئۇنتۇشقا بۇ بوۋاينى نېمە مەجبۇر قىلدى؟ بىرەر تەمەمۇ؟ ياق. ئۇنىڭ سەئىدىگە نېمىدىن ھاجىتى چۈشەتتى؟ سەئىدىنىڭ ياردىمىسىزلا ئۇ شان ـ شەرەپكە ئىگە بولىۋېرىدىغۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش، پاناھ ئىزدەش ئەخمىدى ئۈچۈن نومۇسلۇق بىر ئىش، بۇنى سەئىدى بىلىدىغۇ! ...

— بۈگۈن، دىلارە خانىمغا ھاجىتىم چۈشىدىغان① ئوخشايدۇ، — دېدى ئەخمىدى كۈلۈپ، — خانىم قازان بېشىغا قارىشىپ بەرمىسە بولمىغۇدەك، ئەمما راسكالىق جايىدا.

خانىم ئورنىدىن يېنىك قوزغالدى ۋە:

— بۇنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، — دېدى كۈلۈپ.

ئەخمىدى بىلەن سەئىدى چاي ئۈستىدە تەتقىقات ئىشى توغرۇلۇق پاراڭلاشتى. ھازىر ئاداۋەت، نەپرەت ئەخمىدىنىڭ قەلبىدىن چىقىپ كەتكەن، ئىككى ـ ئۈچ پارچە ئىلمىي ماقالە يازغىنى ئۈچۈن سەئىدى ئۇنىڭغا ھاياتتا ئۇچرىشى تەس بولغان مەشھۇر شەخسلەردەك قىممەتلىك بولۇپ قالغان. ئۇ قىن ـ قىنىغا پاتمىغان خۇشاللىق② بىلەن، ئۆزىنىڭ قولىيازمىلىرىنى جوزىغا قويۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلىدى:

— تەركىدۇنيامۇ بولدۇم③، لېكىن بۇنداق قىلىش ھەقىقىي ئىنسانىنىڭ خىسلىتى ئەمەسكەن. تارىختا ئۆتكەن قايسىبىر ئىدلىم ئەھلى مۇشەققەت تارتمىغان. ئىلىم ـ پەن باھارى كېلىش بىلەن قېرىلىقنى ئۇنتۇدۇم، ئاز قالغان ئۆمرۈمدە بولسىمۇ، ئۆتكەندە يازغانلىرىمنى ئەسكە ئېلىپ بىر نەرسە قالدۇراي دېدىم. مانا مېنىڭ قولىيازمىلىرىم، خالىساڭ كۆرۈپ بېقىشىڭغا بېرىمەن...

سەئىدى قولىيازمىلارنى ۋاراقلىدى، ماۋزۇلىرىنى ئوقۇدى،

把他投入大狱的人就是赛依德我吗?不,这不可能,他早就知道这些,但是又是什么原因促使这位老人却了如此大的仇恨呢?贪图些什么?不。有求于赛依德什么呢?没有赛依德的帮助,他仍然可功成名就!甚至连赛依德都明白,求助于他人,寻找靠山对于艾合迈德来说是耻辱之事。

“今天要劳迪拉热夫人的大驾啰?”艾合迈德笑着说:“夫人今天不下厨房恐怕不行,请吧!”

夫人轻轻地站了起来,笑着说:“这些活儿都交给我好了。”

艾合迈德和赛依德喝着热茶谈论起科研方面的事情。现在他心里的成见和仇恨早就烟消云散了,赛依德写的两三篇科研论文对艾合迈德来说是非常珍贵的。艾合迈德无法抑制内心的喜悦,兴奋地把手稿放存桌上,激动地说:

“我也曾一度厌世,可是这样做不是一个真正的人所应有的品质,历史上哪一位学者不曾含辛茹苦,随着科学春天的到来,我忘记了我的衰老,尽管我的有生之年是短暂的,但我要把以前写的东西拿出来,留给后人,这是我的手稿,你愿意的话,拿去看看……”

赛依德翻阅了一下手稿,读出了文章的题目,然后紧紧地

① گە ھاجىتىم چۈشمەك 我需要谁,我要麻烦谁。
② قىن - قىنىغا پاتمىغان خۇشال 高兴得心花怒放。
③ تەركىدۇنيا بولماق 厌世,不问世事。

ئاندىن ئەخمىدىنىڭ قوللىرىنى سىقىپ تۇرۇپ:
— ئوتتۇز - قىرىق يىلدىن بېرى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن ئەيىب-لىرىمنى بىر يولىلا يۇيۇپ تۈگىتىشنى قارار قىلدىم. دوستۇم، ماڭا ئىشەن، مەن سېنى ئەمدى قەدىرلەيمەن! — دېدى.

## 5

بەزى سورۇنلاردا سەئىدىنىڭ نامى، مۇلاھىزىلىرى، پىكىر-لىرى ئۈستىدە پات - پات سۆز بولۇپ تۇراتتى، سەئىدى ماختىلاتتى:
— بىلىمى چوڭقۇر ئادەمكەن، پاھ، قانداق ياخشى ياز-غان - ھە؟
— گۇمانلىق، ئۇ ئادەمدىن ئۇنچىلىك ئىش چىقىشىغا كۆ-زۈم يەتمەيدۇ جۇمۇ؟
— نېمىلا بولسۇن، يازغان ماقالىلىرى ھەقىقىي بىلىم، مۇ-كەممەل ئىلمىي ماقالە. مۇشۇ خىزمىتى ئۈچۈن سەئىدى دەۋرى-مىزدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك ئادەملەردىن بولۇشقا پۈتۈنلەي مۇناسىپ!
مانا مۇشۇنداق تالاشلاردىن كېيىن، بىر كۈنى، سەئىدى مۇ-شۇ شەھەردە داڭقى بار، بىر بىلىملىك كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.
— خۇشالمەن، سىزگە قايىلمەن! — دەپ ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقتى ھېلىقى كىشى، — مەن ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەر سىزنىڭ ماقالىڭىزدا ياخشى ھەل قىلىنغان. نۇقتىئىنەزىرىڭىز، ئىسپات، پاكىتلىرىڭىز تولىمۇ ئىلمىي، تولىمۇ مۇكەممەل! يې-زىڭ، يېزىڭ، يولداش سەئىدى، سىزدەك بىلىم ئەھلىدىن يەنە بىر نەچچىسىلا ئوتتۇرىغا چىقسا، ھازىرغىچە ئايدىڭلاشماي كەل-گەن نۇرغۇن مەسىلىلەر ئېنىقلانغان بولاتتى، سىزگە رەھمەت!

握着艾合迈德的手说:

“我决定要一改三、四十年以来所犯的全部过失,朋友,请相信我,我很敬重你!”

## 5

在一些场合,人们纷纷议论着赛依德的名字,言沦和见解。有的赞赏赛依德说:“他是个知识渊博的人,他写的文章多妙呀!”也有人说:“令人怀疑,我没有料到他会干出这样的事情。”还有的人说:

“无论如何,写出的文章是货真价实的,有真才实学,有价僮。在这方面,赛依德不愧是当代最令人尊敬的学者!”

这些争论过后的一天,赛依德在本市遇见了一位著名的学者。

那人紧握着赛依德的手说:“非常高兴,我真佩服你!我解决不了的有些问题,你在文章中阐述得很清楚。你的论点,论据及论证都很科学,很完善!写吧,继续写,赛依德同志,如果再出现几个象你这样的学者,至今还未搞清的问题都会迎刃而解了。谢谢你啦!”

— ئەۋلادلارغا نېمە دەيمىز، — دېدى سەئىدى كەمتەرلىك بىلەن، — چۈجاڭ بولدۇم، ئەمەل تۇتتۇم دېيىشكە بولمايدۇ ـ دە، ئىلمىي ئەمگەك بىلەنلا ئەۋلادلارغا توغرا جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. لېكىن، ئەپسۇس، ئەپسۇسكى، بىلىم كەمبەغەللىكى جىنىمغا تېگىۋاتىدۇ[1].

ئەمما ئۇ بىر كۈنى كەچتە ئۆيىگە قايتقاندا، دىلارە خانىم ئۇنى باشقىچە ۋەزىيەتتە كۈتۈۋالدى:

— بولمىدى، سەئىدى! — دېدى ئۇ ئۆزگىسۈلى ئۆچكەن هالدا، — هېلىقى ساقاللىق «كۆچۈرمىچى» بۈگۈن ئۆيگە مەست هالدا كىرىپ كەلدى ۋە سىزنى جونۇپلا كەتتى[2]. قېنىمنى ساتىمەنكى، بىلىمىمنى ساتمايمەن، دەمدۇ، ئەخمىدىنى ئىزدەپ تاپىمەن، دەمدۇ... يائاللا، ئۇ ئەخمىدى بىلەن تونۇمىدە بىللە بولغانىكەن. ماقالىلەرنى كۆرۈپلا تونۇۋاپتۇ، قىرىشقاندەك، هۆكۈمەت «كۆچۈرمىچى»نىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، نەچچە يىللىق مائاشىنىمۇ بېرىپتۇ! ئۇ ئەمدى ئۇستىگىزدىن دەۋا قىلسا، ئەخمىدىنى قۇتراتسا...

دىلارە خانىم كۆزلىرىگە ياش ئالدى. سەئىدىنىڭ رەڭگىدە قان قالمىدى. ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى ئۆگە ـ ئۆگىسىدىن ئاجراپ كەتكەندەك[3]، پۈتۈن بەدىنى بوشاپ كەتكەنىدى.

— ئۇلارنىڭ ئاغزىنى پۇل بىلەن تۇۋاقلىغىلى بولماسمۇ؟

— ئۇلار هازىر پۇلغا هاجەت ئەمەس!

— ئۆيگە چاقىرىپ مېهمان قىلامسىزيا؟

— ئۇلار ئۇنچىلىك ئەخمەق ئەمەس...

— قانداق قىلىسىز ئەمىسە؟ بىر ئامال قىلىپ يەنە تۈرمىگە سېلىۋەتكىلى بولماسمۇ؟

— ئەمدى ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ...

— خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولامسىز ئەمىسە؟

赛依德谦虚地说:“我们对晚辈留下什么呢,我当过局长,不能说当个官就行了,只有科学的劳动才能给后人留下正确的答案,但遗憾的是,我的知识还很贫乏,这让我伤透了脑筋”。

但是,有一天晚上,当他走进家的时候。迪拉热夫人让他感到势头不妙:

“不好了,赛依德!”她心情沉重地说:“那个大胡子‘抄写者’今天醉醺醺地来到咱家,要找你算帐,说他宁愿出卖鲜血,也不出卖知识,说他要找到艾合迈德,……天哪,他曾和艾合迈德一起坐过大狱,一看文章便认了出来,好象做对似的,政府恢复了他的工作,补发了他多年的工资!他要是告发,你要是挑唆艾合迈德……”

迪拉热夫人眼里充满了泪水,赛依德面无血色。他的胳膊腿就象散了架似的,浑身瘫软无力。

“用钱去堵他的嘴,你看怎么样?”

“他们现在不需要钱!”

“请他们到家里做客?”

“他们才不是那样的傻瓜呢……。”

“那么我们该怎么办,想个办法再把他抓进监狱行不行?”

“现在行不通……”

“你这不是要在社会上声名狼藉吗?”

① جانغا تەگمەك 讨厌,生厌。

② سىزنى جونۇپلا كەتمەك 把你骂了一通。

③ پۇت ـ قوللىرى ئۇگە ـ ئۇگىسىدىن ئاجراپ كەتمەك 胳膊腿的关节脱臼。

— ياق !... — دېدى سەئىدى بېشىنى كۆتۈرۈپ، — خەلقىمىز ئالدىدا رەسۋا بولغاندىن[1] كۆرە، ئەخمىدى بىلەن «كۆچۈرمىچى»نىڭ ئالدىدا رەسۋا بولغىنىم تۈزۈك. يالۋۇرىمەن، ئايمىخىنىمىز باش قويۇپ بولسىمۇ يالۋۇرىمەن !

— ۋاي ئۆلەي ! — دېدى دىلارە خانىم يۈزىنى ئالىقىنى بىلەن يېپىپ يىغلاپ، — ئار - نومۇسنى نەگە چۆرۈۋەتتىڭىز ؟

— شان - شەرەپ ئۈچۈن، نام ئۈچۈن قاتىللىق قىلمىشقا[2] بولىدىيۇ، ئار - نومۇسنى چۆرۈۋېتىشكە[3] نېمىشقا بولمايدىكەن ؟ !...

سەئىدى ئۆزىنىڭ بۇ گېپىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈمسىرىدى...

ئەتىسى كەچقۇرۇن، سەئىدى ۋېلىسىپىت بىلەن تەرلەپ - پىشىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا — ئەخمىدىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئەخمىدىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ: «كاچىتىمغا ئۇرۇشى، يۈزۈمگە تۈكۈرۈشى، دولامدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىشى، زەھەرلىك گەپلەر بىلەن تىللىشى مۇمكىن. بىر كىشىنىڭ ئاھانىتى ھېسابىغا نەچچە مىڭلىغان، بەلكى تۈمەن مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىناۋىتىگە ئىگە بولىمەن، بۇنىڭ نېمىسى قورقۇنچلۇق بولسۇن !» دەپ ئويلىدى - دە، ئېھتىيات بىلەن ئىشىكنى چەكتى.

ئىچكىرىدىن يېنىك قەدەم بىلەن بىرى چىقىپ كەلدى. سەئىدى روھىي تەييارلىق بىلەن تۇردى. چىققۇچى يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن بىر ئوماق قىز ئىدى.

— كىمنى ئىزدەيسىز ؟ — دېدى قىز قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— مەن سەئىدى بولىمەن. ئەخمىدى بىلەن كۆرۈشەي دېۋىدىم...

— ھە، سەئىدى دېگەن سىزمۇ ؟ بىلىمەن، ياخشى بىلە-

“不!……”赛依德抬起头说,“与其在大庭广众丢丑,不如把人丢在艾合迈德和‘抄写人’的面前,我要祈求他们,就是跪在他们的脚下,我也要求他们”。

“哦吔,老天!”迪拉热夫人用手捂着脸哭了起来,“你难道不感到羞耻吗?”

“为了名利可以行凶杀人,丢人现眼有什么不可以?!……”

赛依德很欣赏自己的这番话……

第二天傍晚,赛依德骑着自行车,大汗淋漓地朝郊外艾合迈德的家奔去,夜幕降临时他来到了艾合迈德的家门口,他想:“他可能要扇我的耳光,会朝我脸上吐唾沫,把我推出去,用恶毒的语言咒骂我。我将用他一个人侮辱换来成千上万人的尊敬和拥戴!这有什么可怕的?他小心翼翼地敲起门来。

从里面轻轻地走出一人,赛依德振作了一下精神站在那里,出来的人是一个二十来岁的俊俏姑娘。

“你找谁?”姑娘皱着眉说。

“我是赛依德,想见一下艾合迈德……”

“赛依德就是你呀?知道,我太知道了。”姑娘苦笑着说:“你

① رەسۋا بولماق 丢丑,声名狼藉。
② قاتىللىق قىلماق 行凶杀人。
③ ئار - نومۇسنى چۆرۈۋەتمەك 不要脸面,丢人现眼。

مەن ! — دېدى قىز ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ[1]، — دادامغا قەدىر-لەيمەن دەپ ۋەدە بەرگەن، لېكىن، ماقالىلىرىنى ئۆز نامىڭىزدا ئېلان قىلىۋالغان ئادەم سىز ئەمەسمۇ؟...

سەئىدى يەرگە قارىدى. قىز يەنە ئاللىنېمىلەرنى دەۋېتىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن دەل شۇ چاغدا بوسۇغىدا ئەخمىدىنىڭ ئې-گىز گەۋدىسى پەيدا بولدى. ئۇ نېمىسچە ئاتالغۇلارنى يادلاۋات-قانىكەن، سەئىدىنى كۆرۈپ كۈتۈلمىگەن قىزغىنلىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئوھوي ! قىممەتلىك دوستۇم بەھرام سەئىدى ! — ئۇ سە-ئىدىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى - دە، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى ۋە قىزىغا دېدى، — قىزىم، مېھماننى نېمىشقا ئۆيگە باشلى-مىدىڭىز؟

سەئىدى يېنىك ئۈھ تارتىپ ھويلىغا كىردى.

— ئالدىڭىزدا يەنە گۇناھكار بولۇپ قالدىم ! — دېدى سەئىدى چاي ئۈستىدە يەرگە قاراپ، — ماقالىلىرىڭىزنى... ئىنسان دېگەن-نىڭ خۇي - پەيلىنىڭ تۈزەلمىكى تەس ئىكەن...

— خۇشال بولۇش ئورنىغا، نېمىشقا كۆڭلۈڭىزنى يېرىم قىل-ىسەن؟ — دېدى ئەخمىدى قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — سىنىڭ نامىڭدا چىقسا نېمە بوپتۇ؟ ھېچكىم-نىڭ ئىسمى يېزىلماي چىقسا نېمە بولاتتى؟ پۈتۈن ئۆمرۈمنى تەتقىقات ئىشىغا بېغىشلىدىم. مەقسىتىم مەدەنىيەت تارىخىمىز-دىكى يىغىلىپ قالغان چىگىشلەرنىڭ بىر نەچچىسىنى بولسىمۇ يېشىپ چىقىش ئىدى. بۇنى كىملا يەشسە ماڭا ئوخشاش. خەلقى-مىز بىلسىلا، شادلانسا ۋە روھلانسىلا بولدى. ناۋادا، نام ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىمنى سەرپ قىلغان بىر ئادەم بولغان بولسام، مەن ئۆزۈمنى ھاماقەت[2] ۋە يىرگىنچلىك[3] ئادەم ھېسابلىغان بولات-تىم. لېكىن، مەن نام قوغلىشىشنى نومۇسسىزلىق دەپ ھې-

发誓要尊敬我父亲的，但是把他的文章窃为已有，用自己的名字发表的人不正是你吗？……”

赛依德耷拉着脑袋，姑娘本还想说些什么，就在这时门坎上出现了艾合迈德的高大身影，他在背着德语单词，他看到赛敢德非常热情地同他打招呼：

“哦，我尊贵的朋友白克拉木·赛依德！”他紧紧地握着赛依德的手，请赛依德进屋，并对女儿说：“女儿，为何不请客人到屋里坐呢？”

赛依德轻轻地叹了口气走进了院子。

“在你面前我是个罪人！”赛依德喝着茶，低着头说道：“用您的文章……哎，江山易改，秉性难移……”

“该高兴才对呀，你怎么反倒不开心？赛依德，”艾合迈德亲切地把手放在他的肩膀上说道：“用你的名字发表有什么不可以，发表文章如果谁的名字都不署，那怎么能成？我把全部的生命都献给了科研事业，目的是为了解决文学史上遗留下来的许多疑难问题，这些问题谁解决了都一样，只要我们的人民搞懂这些，他们满意，他们高兴就行。如果我为了名誉而耗费我的全部精力，那我将是一个糊涂虫，令人厌恶。我认为计较名利是可

① ئاچچىق كۈلۈمسىرىمەك 苦笑。
② ھاماقەت 糊涂的，愚蠢的。
③ يىرگىنچلىك 令人生厌的，令人作呕的。

سابلايمەن. شۇڭا، مەن ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ بۈگۈن
كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكىنىگە ناھايىتى خۇشالمەن، شۇنىڭ
ئۈچۈنمۇ سىزنىڭدىن ئىنتايىن رازىمەن.

سەئىدى ئەخمەدىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى. ئۇلار ئاز - تو-
لىمدىن ئىچىشتى، ياشلىقىدا خىزمەتتە بىللە خۇشال بولۇشقان
ئىشلارنى ئەسلەشتى. سەئىدى ئۆزىنىڭ قىلغان ۋىجدانسىزلىق-
لىرىنى گەدىنىگە ئېلىپ، ئەخمەدىنىڭ ئىشەنچىسىنى كۈچەي-
تىشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى. لېكىن، شۇ توغرىدا گەپ بولغاندا، ئەخ-
مەدى ھامان گەپنى كۆڭۈللۈك بولغان باشقا تېمىغا يۆتكىۋې-
تەتتى. ئۇنىڭ گەپلىرىدە نە دارىتما، نە چاقچاق① ئارىلاش چىقىد-
ۋېلىش كۆرۈنمەيتتى. سەئىدى بولسا ئەخمەدىنىڭ ئىشەنچىگە
ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىشقا تەييار ئىدى.

ئۇ ئاخىر سومكىسىدىن گېزىتكە ئورالغان بىر بولاقنى ئې-
لىپ جوزىغا قويدى - دە، ئەخمەدىگە قاراپ:

— جەزمەن خۇش بولىسەن، جەزمەن خۇش بولىسەن! ئېيت-
قىنا، بۇ نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ — دېدى. ئەخمەدى سوۋغا -
سالامنى يامان كۆرىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭغا قىزىقىپ كەت-
مىدى ۋە سوغۇقلا قىلىپ:

— ھاجىتى يوق، ئوشۇقچە ئىش! — دېدى.

سەئىدى بولاقنى يەشتى. جوزىدا مۇقاۋىسى ئۆڭۈپ كىرلى-
شىپ، قەغىزى سارغىيىپ كەتكەن ئىككى «دىۋان» تۇراتتى. ئەخ-
مەدى خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇزۇن
يىل كۆرمىگەن يېقىن ئادىمىنى تۇيۇقسىز كۆرگەن كىشىدەك،
تەقەززا بولۇپ يولغا قاراپ ئاخىر ئانا دىدارىنى كۆرگەن شوخ
موزايدەك، كىتابلارغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ كىتابلارنى باللاردەك
باغرىغا باستى، ئېگىز كۆتۈردى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارام -
تارام ياشلار قۇيۇلدى...

耻的事情。所以，我提出的一些问题能和大家见面，我感到很高兴，同时我对你也很满意。”

赛依德在艾合迈德家做了客，他们喝了几杯，回忆了以往的工作以及一些令人高兴的事情，赛依德承认了自己所做的那些不仁不义之事，企图取得艾合迈德的信任，但一提到这些事，艾合迈德就把话锋转到比较开心的其他问题上去了。从他的话中根本叫人听不出是在暗示还是玩笑，而赛依德为了取得艾合迈德的信任在所不辞。

他最后从包里取出了一个纸包，放在桌子上，看着艾合迈德说：“你一定会喜欢的，一定会喜欢！你猜猜看，这是什么？”

艾合迈德是个很厌恶请客送礼的人，所以他对此不感兴趣并冷淡地说：“没有必要，这是多余的！”

赛依德打开了纸包，桌子上放着的是两本封面破旧，纸张发黄的集子。艾合迈德兴奋得从座位上跳了起来，他就象突然碰到多年未见的好朋友似的，好像调皮的牛犊眼巴巴地瞧着大路，终于看到母牛一样，扑到书跟前，象小孩似地把书捧在怀里，看了很久，泪水一滴一滴地流出了他的眼眶。

“这是花高价从一个乖僻的人那儿买来的。”赛依德说了假

① نه دارىتما، نه چاقچاق 既有隐喻，又是玩笑。

— ھەربىرىگە نۇرغۇن پۇل خەجلەپ بىر نائەھلىدىن سىنتىۋالدىم، — دېدى سەئىدى يالغان سۆزلەپ، — سېنىڭ ھېلىقى قىممەتلىك كىتابلىرىڭدىن ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا تونۇدۇم... بۇنىڭغا قارىغاندا، سېنىڭ كىتابلىرىڭنىڭ ياخشىلىرى كۆيدۈرۈلمىگەن، پەقەتلا بۇلانغان بولۇشى ئېھتىمال، ناۋادا شۇنداق بولغان بولسا، مەن ساڭا ئۇلارنى تېپىشقا ۋەدە بېرىمەن!

ئەخمىدى ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، ئاخىردا سەئىدىنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە سەئىدىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ:

— مېنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەۋلادلارنى خۇش قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىر ياخشى ئىش قىل، مۇشۇنداق كىتابلارنى سېتىۋال، مەن ساڭا ھازىرلا نۇرغۇن پۇل بېرەي، مېنىڭ كىتابلىرىمنى قايتىدىن يىغىشىپ بەرگىن. مەن ئۆمرۈمدە بىردىگە يېلىنىپ① كۆرمىگەن ئادەم ئىدىم، مۇشۇ ئىشتا ساڭا يېلىناي، نېمە لازىم بولسا شۇنى بېرىشكە مەن تەييار. كىتابلىرىمنى تېپىشقا ياردەم قىل! مەن ئىلاجسىزلىقتىن نېمىس تىلىنى ئۆگىنىپ، شۇ ئارقىلىق تەتقىقات ئېلىپ باراي دېگەنىدىم، — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن، — ئۆز ۋاقتىدا مەن مۇشۇ دىۋاننىڭ ھەر بىرىنى يەتتە يۈز يوەنگە ساتمىغان. مانا ئەمدى مىڭ يوەندىن پۇل خەجلەپ سېتىۋېلىشقا رازىمەن. بىلەمسەن، بۇ كىتابلارسىز مەن ئەۋلادلارغا ھېچ نەرسە قالدۇرالمايمەن!...

سەئىدى ئۇنىڭغا قايتا - قايتا ۋەدە بەردى، ئاخىردا ئەخمىدىنىڭ يېڭى قولىيازمىلىرىدىن يەنە ئىككىنى كۆرۈپ بېقىشقا ئالدى.

ئۇ ئۆيىگە كەچ قايتتى، ۋېلسىپىت ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئۆزىچە كۈلدى، غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى. ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان دىلارە خانىمنى خۇشاللىق

话："我一眼就认出它是你最心爱的，珍贵的书籍……看来，你的好书还没有被全烧掉，只是被人抢了，如果真是这样，我保证都给你找回来！"

艾合迈德在屋里来回踱步，最后停在赛依德的面前，盯着赛依德的眼睛说：

"不只是为了让我欢喜，而是为了让后代子孙高兴，你也要去做这件好事。去把这样的好书都买回来，我现在就给你一些钱，你把我的书重新收集回来，我这一辈子没有求过谁，为这件事求你了，需要什么我都会准备的，你要帮我找回我的那些书！我因不得已才学习德语，想通过它进行研究工作。"他激动地说："那时有人要花七百元我都没有卖给他，现在我愿花一千元买下这书。你知道吗？没有这些书我将不会给子孙后代留下任何东西！……"

赛依德反复向他保证，最终又把艾合迈德新写的手稿拿走了两篇，说回去看看。

他回家已经很晚了，他骑在自行车上暗暗地笑了，嘴里还唱着歌。走进屋兴奋地抱起了正在等候自己的迪拉热夫人，并

① گە يېلىنماق 求谁。

بىلەن قۇچاقلىدى ـ دە، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ۋالاقلىدى:

— ئەمدى ماڭا خەزىنە تېپىلدى، خوتۇن. ھېلىقى كىتابلارنى بىردىن ـ ئىككىدىن ئەخمىدىنىڭ ئۆيىگە توشۇيمەن. ھا، ھا، ھا... ماشىنىلاپ ئەكەلگەنىدىم، ئەمدى بىردىن ـ ئىككىدىن توشۇيمەن. ئۇنىڭ ھېسابىغىچۇ؟ ئەخمىدى بىلەن ئىككىمىزنىڭ نامىدا ئىلمىي ئەسەرلەر پۈتۈۋېرىدۇ. دىلارە، ئەمدى بىز ئەخمىدىگە ئۆمۈر تىلەيلى، ئۇ يەنە ئۈچ يىللا ھايات تۇرۇپ بەرسە بولدى. ھەي دىلارە، سەن بىلمەيسەن، ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، ھەقىقىي بىلىم ئەھلى بولغان ئادەملەر بىر سېغىن كالا. كىملا ساغىمەن دېسە، ئۇ تۇرۇپ بېرىۋېرىدۇ. ھەر ئامال بىلەن ئۇلاردىن نەپ ئالغىلى بولىدۇ، قارا ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى، ھەممىنى كەچۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن ھېچبولمىسا ئىككىمىزنىڭ نامىدا... دېگەندەك قىلدى، ھە... لېكىن، دىلارە، قارا كۆڭۈل، قارا قورساق، كۆرەلمەس①، ئىچى قوتۇر②، ھەتتا ۋەھشىي، بۇلاڭچى③ ئادەملەرمۇ بار. ئۇنداقلارنى بوسۇغىمىزغا يولاتمايلى، ئۇنداقلارنىڭ پېشى تېگىپ كەتكەن ئادەمنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىدۇ④. ئەخمىدى ئۇنداقلارنى مۇنداق بىر شېئىر بىلەن ئەيىبلىگەن:

بىخرەتكىم ئۆزگىلەرنىڭ دەردى بىرلە شاد ئىرۇر،
ئىستىمە ئاندىن ۋاپا ئۇ بارچىدىن ئازاد ئىرۇر.

بۇ سۆپەتمۇ ئۇنداقلارنى تېخى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. دىلارە، بىز ئۇنداق ئادەملەردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرايلى...

— شۇنداق قىلايلى!... — دېدى دىلارە خانىم مىشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئەخمەق، — دېدى بەھرام سەئىدى ئايالىنى سىلكىش-

迫不急待地说道:“老婆,我发现了一个宝库,那些书我要一本,两本地送到艾合迈德的家里。哈哈哈……当时我是用卡车拉回来的,现在要一本一本地送回去,你知道它的价值吗?是以我和艾合迈德两人的名字合发文章,著书立说。迪拉热,我们要祝福艾合迈德长寿,他只要再活上三年就行了。嗨,迪拉热,你不懂,善良、豁达、真正有学识的人就是一头奶牛,谁想挤奶,它都站着不动,让他们挤,无论用什么方法都能从他们那里尝到甜头,得到实惠,你瞧他的心胸多宽阔,他原谅了我的所做的一切,他答应今后要以我们两个的名义……,嗨,可是,迪拉热,也有那些黑心肠,鸡肠小肚,妒嫉,甚至残暴,巧取豪夺的人,绝不让这种人跨进咱们的门坎,跟这种人接触会断子绝孙的,艾合迈德用两句诗谴责了这种人:

欢乐建筑在他人的痛苦之上,
良心和道德早已被他忘光。

这两句诗揭露得还不够彻底,不够深刻,迪拉热,我们对这种人可要敬而远之……”

“就这样吧!……”迪拉热夫人一把鼻子一把泪地哭了起来。

“蠢货”,白克拉木·赛依德责备着妻子说:“瞧你哭得真是

① كۆرەلمەسلىك 妒嫉。
② ئىچى قوتۇر 心胸狭窄。
③ بۇلاڭچى 掠夺者,抢劫者。
④ نەسلى قۇرۇپ كەتمەك 断子绝孙。

لەپ، — بىمەنە چاغدا يىغلىغىنىنى قارا! نېمىگە يىغلايسەن؟
— بىلمەيمەن... — ئۇ تېخىمۇ قاتتىق يىغلىدى. ئۇ راست گەپنى ئېيتتى. نېمىگە يىغلىغىنىنى ئۇ راستلا بىلمەيدۇ. نېمىشقا يىغلىدى؟
بۇنىڭغا ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزلىرى جاۋاب بەرسۇن!...

1979 - يىلى، ئۈرۈمچى

莫名其妙,你哭什么?"

"我也不知道……"她哭得更厉害了,她说的是实话。她确实不知道自己为什么哭。干吗要哭呢?

对于这个问题,聪明的读者,请您来回答!….

1979年,乌鲁木齐

[General Information]
书名=金库　维吾尔文
SS号=40256829